# سەلجۇقلار تەزكىرەسى

(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلدى، دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

ش ئۇ ئا ر ئازسانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

نەشرىگە تەييارلىغۇچىدىن .................... 1

1

سەلجۇقبەگ .................................... 4

2

سۇلتان توغرۇلبەگ .................................. 9

3

سۇلتان ئالپ ئارسلان .............................. 19

4

سۇلتان مەلىك شاھ .................................. 23

5

سۇلتان بەركىيارۇق ................................ 31

6

سۇلتان مەھمۇد .................................... 39

7

سۇلتان موئىززىددىن سەنجەر ........................ 48

8

خاتىمە ............................................ 60

ئىزاھات .......................................... 110

# نەشرىگە تەييارلىغۇچىدىن

«سەلچۇقلار تەزكىرىسى» ناملىق بۇ تارىخي ئەسەر ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر تەبەرى تەرىپىدىن يېزىلىپ، ئابدۇررەسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رەھىم تەرىپىدىن پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان مەشھۇر ئەسەر «تارىخ تەبەرى» نىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان.

«تارىخ تەبەرى» (قولىيازما، تەرجىمە نۇسخىسى) جەمئى 472 ۋاراق، بۇنىڭ ئىچىدە «سەلچۇقلار» غا ئائىت قىسمى 38 ۋاراق، 76 بەت. ھەر بىر بەتكە 17 قۇردىن خەتتى پارسى بىلەن يېزىلغان. فورماتى 34 س م × 24 س م. ئەسەر تولۇق، تېرە مۇقاۋىلىق.

مەزكۇر ئەسەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گورۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلانغان قولىيازمىغا ئاساسەن نەشرىگە تەييارلاندى.

قولىيازمىدىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا «تارىخ تەبەرى» نىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان «سەلچۇقلار» غا ئائىت قىسمىنى (توغرۇلبەگكىچە بولغان تارىخي ۋەقەلەرنى) خاجە ئىمام زۇھەيرىددىن نىشابورى سۇلتان توغرۇل دەۋرىدە كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرگەن؛ ئاخىرىنى ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم تولۇقلاپ يازغان. ھىجرىيە 1257-يىلى (مىلادىيە 1841-1842) موللا ھۇشۇر بىننى موللا مۇشتىرى بىننى موللا شەمس تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. ھىجرىيىنىڭ 1315-(مىلادىيە 1897-1898) توشقان يىلى سەپەر ئېيى (2-ئاي)نىڭ يەتتىسىدە مۇھەممەد تۆمۈر خەزىنچى بەگ خوجامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 80 ياشلىق موللا مۇھەممەد تەرىپىدىن رەتلىنىپ مۇقاۋىلانغان.

«سەلچۇقلار تەزكىرىسى» ئەينى دەۋر ئوتتۇرا شەرق

www.uyghurkitap.com

تارىخنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

مەزكۇر ئەسەردە 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا شەرقتە ئىمپېراتورلۇق قۇرغان تۈرك جەمئىيىتى ۋە بۇ جەمئىيەتتە ئوغۇز باش بوغلىرىدىن بولغان سەلجۇق ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ شەكىللىنىشى، كۈچىيىشى، غەربىي يۈرۈشلىرى، غەزنەۋىلەر (سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى) بىلەن بولغان جىددىي ئۇرۇشلار، جۈملىدىن ئوغۇزلار خانى سەلجۇقنىڭ نەۋرىسى توغرۇلبەگ يېتەكچىلىكىدىكى ئوغۇزلارنىڭ دەسلەپ نىشاپور، مەرۋى شاھ جاھاننى ئىگىلەپ، كۈچلۈك سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغانلىقى؛ 1040-يىلى غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەسئۇدنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر قاتار غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلىپ، باغداتتا بېسىپ كىرىپ ئەرەب ئاباسسىيلار خەلىپىلىكىنى قورچاق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى؛ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى ئالىپ ئارسلاننىڭ ھازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد دالىسىدا شەرقىي روما ئىمپېراتورى دىككىنىس روما باشچىلىقىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك روما قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، روما ئىمپېرىيىسىنى سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە سېلىق (ئولپان) تۆلەيدىغان قارام دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى؛ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى مەلىك شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك ۋەزىرى نىزامۇل-مۈلكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پەن-مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىپ، ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر پەنلەر سارىيى «نىزامىيە» ئالىي مەكتىپىنىڭ ئېچىلغانلىقى؛ سەلجۇق ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇش قاتارلىق ۋەقەلەر خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

مەزكۇر ئەسەر تارىخىي ۋەقەلىكنىڭ بايان قىلىنىش تەرتىپىگە ئاساسەن بىر قانچە بۆلۈمچىلەرگە بۆلۈنۈپ، كىچىك ماۋزۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەش يولى بىلەن نەشرىگە تەييارلاندى ھەمدە ئەسەرگە

مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «سەلچۇقلار تەزكىرىسى» دەپ ماۋزۇ قويۇلدى.

«سەلچۇقلار تەزكىرىسى» ئەدەبىي جەھەتتە قىزىقارلىق تارىخىي قىسسە شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە ھەربى ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە مەلۇم قىممەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

تىل تارىخىي تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ قەدىمكى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئورۇن بېرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئەسەرنىڭ تىلى، گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ساقلاپ قېلىندى. پەقەت بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەرگە گىراماتىكا جەھەتتىن ئايرىم ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلدى.

ئەرەبچە، پارسچە سۆز ئىبارىلەرگە ئۆز نۆۋىتىدىلا ئىسكوپكا ئىچىدە مەنىسى بېرىلدى.

ئەسەر ئاخىرىدا مۇھىم شەخسلەر، جايلار ۋە قىسمەن مەزمۇنلارغا قارىتا ئايرىم ئىزاھات بويىچە چۈشەنچە بېرىلدى.

ئەسەرنىڭ تىلى ئېغىر، جۈملە تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ئىپادىلەش شەكلى ئۆزگىچە؛ تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسمى قاتارلىقلاردا ئوخشاشلىق كۆپ بولغانلىقى سەۋەبلىك نەشرىگە تەييارلاشتا كىشى، جاي ئىسىملىرىنىڭ توغرىلىقى ۋە مەزمۇن جەھەتتە قىسمەن خاتالارغا يول قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ تەنقىدى كۆزدىن كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابلىمىت. ئەھمەت.

# 1

## سەلچۇقبەگ (1)

(990-903)

...ئەمما بەئدۇ(2) بىلىش كېرەككى، بۇخىل خۇسۇسىيەت ۋە پەزىلەت (ئەقىل - ئىدراك ۋە پەم - پاراسەت) ،ناتىقلىق پەقەت ئادەمگە خاستۇر .چۈنكى ئادەملا ئىبا-ئىشارەت، سۆكۈت ۋە ھەرىكەتنى چۈشىنىپ ،مەقسەت ۋە ئاقىۋەتنى ئويلىيالايدۇ .نۇتۇق- پىكىر (تەپەككۇر ۋە سۆزلەش) دېگەنلىكتۇر. شۇڭا نۇتۇقنى نوقۇل سۆزدىنلا ئىبارەت دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئالايلۇق، تۇتى (تۇتى قۇش) گەرچە سۆزلىيەلىسىمۇ، ئەمما ئەقىل-ئىدراك ۋە پەم-پاراسەتتە ئاجىز-دۇر ،ھەرقانداق ئادەم نۇتۇقنىڭ كۈچى بىلەن ئىلىم ۋە مەرىپەت ھاسىل قىلىپ ،بىلىش ۋە ھېكمەت دائىرىسىگە قەدەم قويسا، ئۇ ياخشىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالار دەرىجىسىگە يېتىنلىشالايدۇ.

تەۋھىد(3) ۋە مەرىپەت، دىن ۋە شەرىئەت ئىلمىدىن قالسا، پادىشا ۋە ئۇمەرالارغا ھاجەت بولىدىغان ئىلىم-تارىخ ئىلمىدۇر. چۈنكى ئۇلار پادىشاھلار تەرتىپى (يول، ئۇسۇل، مەسلەك) ۋە تەرجىمھالى، ياخشى خۇلق ۋە سۈپەتلىرىدىن ۋاقىپ بولسا، دۇنيادا ئۇلۇغلۇق ۋە سەلتەنەتكە ،ئاخىرەتتە ساۋاب ۋە مەرىپەتكە سەۋەب بولۇپ خەلققە پېشۋا (يولباشچى، رەھبەر) ۋە مۇقتەدا (ئىمام) بولالايدۇ.

كىشىلەر تارىخلارنى تەرتىپلەپ، ھېسابسىز تارىخ ئىلمى ۋە تارىخ كىتابلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەمما ھەممىگە مەلۇمكى، راشىددىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلىپىلىكى ۋە ئاباسىيە خەلىپىلىكىدىن قالسا، دىن ئىسلامدا سەلچۇقتىن ئۇلۇغراق ھۆرمەتكە سازاۋەر ھېچ پادىشاھ ئۆتكەن ئەمەس.

سەلچۇق دەقاق(4)نىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى(5) ئۇ ئۆز قوۋمى ئارىسىدىن باش كۆتۈرۈپ، قورال - ياراق تەييارلاپ جەڭ قىلىپ قەبىلە ۋە سەلتەنىتىنى قۇۋۋەت ۋە قۇدرەتكە ئىگە قىلدى. مىنۇ ۋەجىدىن سۇلتان مەھمۇد(6) قا: «سەلچۇق كۈنسايىن قۇۋۋەت تېپىپ، شۇ قەدەر كۈچەيدىكى، ئەندى تېنىچ يۇرتۇبىرىش ئاقىل ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. ئەگەر سەن ھىندىستان تەرەپكە بارماقچى بولساڭ، ئۇلاردىن بىرەر پاراكەندىچىلىك يەتمىگەي، ئۇلار (سەلچۇق) بىلەن دوستلۇق ئورناتباق ۋاجىبتۇر» دېگەن مەزمۇن بىلەن نامە يەتكۈزدى. مەھمۇد نامە مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال سۆزمەن بىر ئەلچى قارقىلىق (سەلچۇققا) خەۋەر ئەۋەتتى:

— سېخىيلىك، راست سۆزلۈك ۋە دانىشمەنلىك بابىدا تەڭداشلىرىڭنى ھەيران قالدۇراتتىڭ، ئەمما بۇ چاقىچە مېنىڭ بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش ۋە كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلمىدىڭلار ۋە مەندىن ھېچ نەرسە ئىلتىماس قىلمىدىڭلار. مېنىڭ سىزلەر بىلەن دوست بولۇشقا مەيلىم بار ئىدى، سىزلەردىن مەدەت-ياردەم تىلىمەكتىن بىھاجەت ئەمەسمەن. ئەگەر ھەممىڭىزلەر كېلەلمىسىڭىزلەر، بىرەرسىڭلار كەلگەيسىزلەر. تاكى ئۆز ئارا مەدەت ۋە دوستلۇق ھەققىدە ئەھدە-پەيمان قىلىشقايمىز.»

خەۋەر يەتتى. ھەممىدىن چوڭى ئىسرائىل(7) ئىدى. ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن مەھمۇد تەرەپكە يۈزلەندى. بۇنىڭدىن مەھمۇد خەۋەر تېپىپ، ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتتى. ئۇ كىشى ئىسرائىلغا:

— ھازىرچە بىزگە مەدەت-لەشكەر ھاجەت ئەمەس. مەقسەت كۆرۈشمەك ۋە دوستلۇق ئورناتماقتۇر. ئۆزۈڭ خاس كىشىلىرىڭ بىلەن

كەلگەيسەن ،-دېدى .
بۇ سۆز بىلەن ئىسرائىل لەشكەرسىز كەلدى. مەھمۇد ئادەتتىن
تاشقىرى ئىززەت- ئىكراملار قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىرگە تەختتە
ئولتۇرغۇزۇپ، ياخشى مۇئامىلىلەر بىلەن كۆپتىن كۆپ ئىلتىپاتلار
كۆرسەتتى. ئاندىن سۆز باشلاپ:
- ئەگەر ھىندى بىدئەتچىلىرىگە قارشى غازاتقا بارماقچى
بولسام، خوراسان (8) شەھرى بوش قالىدۇ. ناۋادا يەنە بىر
تەرەپتىن دۈشمەن پەيدا بولسا، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن
ئەلۋەتتە، سىزلەر بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، ئەھد - پەيمان
قىلىشاق، سىزلەردىن مەدەت ۋە ياردەمگە كۈچ تىلەشكە توغرا
كېلىدۇ، - دېدى. ئىسرائىل:
- ئۆزئارا ياردەملىشىپ، بەندىچىلىك قىلىشاق، بۇ ناھايىتى
ياخشىدۇر، - دېدى. مەھمۇد:
- قاچانىكى، بىزگە مەدەت ۋە ياردەم ھاجەت بولسا ،قايسى
نىشان بىلەن، قانچىلىك مەدەت كېلەركىن؟ -دېدى.
ئىسرائىلنىڭ مۆرىسىدە ئىككى تال ئوق بىلەن ياسى بار ئىدى.
بىر تال ئوقنى مەھمۇدنىڭ ئالدىغا قويۇپ:
- بۇ ئوقنى ماڭا ئەۋەتسەڭ، ساڭا ياردەمگە يۈزمىڭ لەشكەر
كېلىدۇ ،- دېدى.
- يەنە بۇنىڭدىن زىيادىرەك ھاجىتىمىز بولسا، - دەپ سورىدى
مەھمۇد - بۇنىڭ تەبىرى قانداقكىن؟ ئىسرائىل ياىنى مەھمۇدقا
بېرىپ:
- بۇ ياىنى تۈركىستانغا ئەۋەتسەڭ. ناۋادا ئىككى يۈزمىڭ
لەشكەر خالىساڭ ھەم كېلىدۇ ،-دېدى.
تائام ۋە شاراب كەلتۈرۈلدى، ئۈچ كېچە-كۈندۈز بەزمە تۈزۈلدى.
لەشكەرلىرىگە تون-سەرۇپاي كىيدۈرۈلدى. ئاندىن كېيىن ئىسرائىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئۆمەرا سىدىن لەشكەرلىرىنى چۈشكۈن قىلىشتا بويرىدى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر ھەر ئۆيدە شاراب ئىچمەككە مەشغۇل بولدى.

ئىسرائىل بارلىق سىپاھى بىلەن غەرق مەست بولدى. مەھمۇد پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىسرائىلنى تۇتۇپ شۇ كېچىسى ھىندىستانغا ئەۋەتتى. بارلىق سىپاھىنى ھەم بەند قىلىپ، ھەر بىرىنى بىر شەھەرگە ماڭدۇردى. ئىسرائىلنى كۆلبەھر شەھرىدە بەند قىلدى. تا يەتتە يىل ئۇ يەردە توردى.

ئىسرائىل خەلقىدىن ئىككى كىشى ئىسرائىلنى بەندتىن خالاس قىلىش مەقسىدىدە كېلىپ، خىزمەت قىلىپ يۈرۈپ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتاندى. بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇپ يولغا راۋان بولدى. ئەمما، ئۇلار يولدىن ئېزىپ قېلىپ باياۋاندا تەمتىرەپ يۈرەتتى. كۆتۈال (قورغان ساقچىلىرى) ئىزدەپ كېلىپ قالدى. ئىسرائىل بۇلارنى كۆرۈپ:

- ئەمدى مەندىن ئۈمىد ئۈزۈڭلار. ئۆز غېمىڭلارنى قىلىپ، بۇرادەرلىرىڭگە ئېيتىڭلار. مېنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى قىلسۇن. بىرەر ئىككى قېتىم شىكەست مەغلۇپ، سۇنۇق، ئازارتاپقان) تېپىش بىلەن نائۈمىد بولمىسۇن. بۇ پادىشاھنىڭ ئەسلى قولدۇر. مەملىكەت ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئاخىرەتلىك مۇقەررەر بولغۇسىدۇر،-دېدى.

قاراۋۇللار ئىسرائىلنى تۇتۇپ شەھەرگە ئېلىپ باردى ۋە مەھكەم بەند قىلدى. ئىسرائىل ئۇ يەردە ۋاپات بولدى. ئىسرائىلنىڭ ئوغلى قۇلتەمىش (9) شەھەرنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ، نالە ۋە پىغانلار قىلىپ سىيستان (كىرمان بىلەن خوراسان ئارىسىدا) غا باردى. ئاندىن بۇخاراغا كېلىپ تاغلىرىغا ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇلار ئىنتىقام ئېلىش قەستىدە پۇرسەت ئىزدەپ. ئاخىر سۇلتان مەھمۇدقا: «بىزنىڭ مەنزىلىمىز

قەھەتچىلىك ۋە قىستاڭچىلىق بولغاچقا ھايات كەچۈرىشىمىز تەسكە چۈشتى. ئەگەر ئىجازەت بەرسەڭ دەريادىن ئۆتۈپ، تۇس (خوراساننىڭ باش شەھىرى) ھاكىمى ئارسلان جارۇپ بىنا قىلغان رەبات (جاي،ئۆتەڭ مەنىسدە)نى ماكان قىلساق.» دېگەن مەزمۇندا نامىنى ئەۋەتتى. مەھمۇد نامەنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆلىمالىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. ئۆلىمالار:

- ئۇلارنى خوراساننىڭ چېگرىسىغا ئۆتكۈزسەڭ بولماس، - دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. ئەمما، سۇلتان مەھمۇد ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرمەي ئىجازەت بەردى. ئۇلار دەريادىن ئۆتتى. تاكى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھاياتلىقىدا ھېچ ئىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى.

سۇلتان مەھمۇد تارىخنىڭ تۆت يۈز-يىگىرمە سەككىزى ئۆلۈپ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد (10) تەختتە ئولتۇردى.

www.uyghurkitap.com

# 2

## سۇلتان توغرۇلبەگ

(1063-1040)

مىكائىل بىننى سەلجۇق (11) نىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى: بىرى جەئفەربەگ ئەبۇ سۇلتان (12)، يەنە بىرى توغرۇلبەگ ئەبۇ تالىپ. بۇلار ئۆز قەبىلىسىگە سەردار بولدى.

سۇلتان مەسئۇد ئەمىر نىشاپۇر (ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەر) غا: «سۇلتان مەھمۇد بىزنى ماتەم ۋە ھازا قايغۇسىدا قويۇپ، ئۆزى قازا مەنزىلىدا رىزالىق مەجلىسىنى تۈزدى. سەن-نىشاپۇر مەرگەنلىرىگنى ئېلىپ بۇ ياققا كەلگەيسەن» دەپ نامە ئەۋەتتى. ئەمىر نىشاپۇر نامىنى ئوقۇپ سۇلتان مەسئۇدقا تەزىيەنامە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا سۇلتان مەسئۇد جۇرجانغا بىرىپ شەرىفول-مەئالى، ئانۇشرىۋان بىننى مەلىكۇل-مەئالى، مۇنۇچەھرە بىننى شەمسۇل-مەئالى ۋە قالۇس بىننى شەمگىرنىڭ ئۇدۇلىغا چۈشتى ھەمدە رەيى (13) لەشكىرى-گە ئۇمىد باغلاپ، رەيدىن لەشكەر ئارىيەت ئېلىپ، ئۆزى سەلچۇقلار (14) تەدبىرىدە مازەندەران (ئىراننىڭ شىمالىدا، كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى رايون) غا كەلدى. بۇ جايغا كېلىپ بولغىچە قورال-ياراقلىرى بۇزۇلۇپ، ئات-ئۇلاغلىرى ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. لەشكەرلىرى ياياق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سۇلتان مەسئۇد دەرھال نەچچىلىگەن ئۇمەرا (ئەمىرلەر) سىپەھسالار (باش قوماندان) نى لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. سەلچۇقلار بىخەۋەر ئىدى. تۇساتتىن بۇلار بېرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا كىرىشتى. سەلچۇقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چېكىنىپ غۇراد شەھەرىستانىنىڭ ئارىسىدا - بىر باياۋاندا جەڭگە تەييارلىنىپ تۇردى. بۇ جايدا قاتتىق جەڭ بولدى. ئاقىۋەت مەسئۇد (قولىيازمىدا «مەھمۇد» يېزىلىپ قالغان) نىڭ لەشكەرلىرى شىكەست تاپتى. سەلچۇقلار ھېسابسىز قورال-ياراق، ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئۇلاغ ئولجا ئالدى.

دەرۋەقە، سۇلتان مەسئۇدقا بىر ھادىسە سەۋەب بولۇپ، ھىندىستانغا يارماق ھاجەت بولدى. ئامالسىز سەلچۇقلار بىلەن سۈلھى قىلىپ ھىندىستانغا كەتتى.

سەلچۇقلار ئۆزگىچە قۇۋۋەت تاپتى. سەلتەنەت ۋە پادىشاھلىق ئالامىتى بۇلارنىڭ ئاسمىنىدا نامايان بولدى. بەخت-سائادەت ئاۋتابى بۇلارنىڭ ئىقبال نىشانىسىدىن پارلاپ، ئىززەت ۋە دۆلىتى ئارتىپ، سەھەردە كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك نۇر چېچىشقا باشلىدى(15).

قىسسە: سۇلتان (سۇلتان مەسئۇد) قايتىپ غەزنەيىن(16)گە كەلدى. سەلچۇقلارنىڭ شەۋكەت ۋە سەلتەنىتىدىن خەۋەر تېپىپ خوراساننىڭ ئەمىرىگە: «سەلچۇقلارنى خوراساندىن قوغلىمايسەن!» دېگەن پەرمان بىلەن كىشى ئەۋەتتى. خوراسان ئەمىرىدىن: «سۇلتان (سۇلتان مەسئۇد) سەلچۇقلارنىڭ ئىلگىرىكى ھالىنى خىيال قىلىپ پەرمان ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى شۇ دەرىجىدىكى، مەندەك يۈز تۈمەن كىشى ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماس.» دېگەن جاۋاب كەلدى. ئەمما، سۇلتان مەسئۇد يەنە: «بۇيرۇققا ئىتائەت قىلسۇن. ئەمىرىگە مۇخالىپ (قارشى تەتۈر) بىر قەدەم باسمىسۇن» دەپ ئەمىر قىلدى. خوراسان ئەمىرى ئامالسىز ۋە ئىختىيارسىز سەلچۇقلارغا قارشى لەشكەر تارتتى. بىراق شىكەست يەپ مەغلۇپ بولدى. سەلچۇقلار خوراساننى ئۆز ئىختىيارىغا ئالدى. خوراسان خەلقى قورقۇپ ۋەھىمە ۋە ئەندىشىگە چۈشكەنىدى. سەلچۇقلار ھېچ كىشىگە ئازار بەرمەسلىك توغرىسىدا جار سالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ

كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. بەس، بۇ ۋەقەنى سۇلتان مەسئۇد ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى ھېسابسىز لەشكەر ئېلىپ خوراسانغا كەلدى. بۇ چاغدا توغرۇلبەگ توستا ئىدى. مەسئۇد توستا بېرىپ توغرۇلبەگنى بۇرادىرى (ئاكىسى) جەئفەربەگ (چاغرىبەگ) كە قوشۇلدۇرماي تۇتۇش نىيىتىدە، تېز يۈرەر بىر پىلغا مىنىپ، لەشكىرىدىن ئايرىلىپ توستا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يىگىرمە بەش فەرسەخ (ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، بىر فەرسەخ تەخمىنەن 6.24 كىلومېتىرغا توغرا كېلىدۇ) يەرگە بارغاندا، «توغرۇلبەگ بۇرادىرى جەئفەر (چاغرىبەگ) گە قوشۇلۇپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. مەسئۇد قايتىپ كېلىپ شەرخىل بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىسىدىكى دەندانقان (17) قورغىنىغا بېرىپ، يېقىن بىر باياۋاندا جەڭ قىلدى.

دەندانقاندا پەقەت نەچچە يەردىلا سۇ بار ئىدى. بۇ سۇلارنى سەلجۇقلار ئىگىللىۋالغانىدى. مەسئۇدنىڭ لەشكەرلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ھالى كەتتى ۋە ھېسابسىز ئات - ئۇلاغلىرى يىقىلدى. لەشكەرلەر بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، تەرەپ-تەرەپكە پىتراپ كېتىشتى. مەسئۇد تەنھا قالدى. ئاتلار مەسئۇدنى تارتالمىغانىدى. پىلغا مىنىپ قاچتى. بارلىق قورال-ياراق ۋە خەزىنىلەر شۇ يەردە قالدى. شۇ ئەسنادا بىر نەچچە تۈرك مەسئۇدنى قوغلاپ يەتكەنىدى، مەسئۇد پىلدىن چۈشۈپ سوقۇشقا كىردى. بۇ چاغدا بىر ئاتلىق لەشكەر كېلىپ ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، مەسئۇد بىر گۈرزى سىلىش بىلەن، ھېلىقى لەشكەر قىرغاقتا ئېتى بىلەن قوشۇلۇپ پارە-پارە بولدى. قىرغاقتا لەشكەرلەر يېتىپ كەلگىچە تاماشا قىلىپ تۇراتتى. ئارىدىن بىر كىشى:

«ئەي مەسئۇد، شۇجائەتلىك تاجۇ تەختلىك بۇ يەردە تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن قاچىسەن؟» -دەپ ۋارقىرىغانىدى، مەسئۇد:

«شۇجائەت، تاجۇ تەخت دېگەن ئەمدى يوقتۇر» -دېدى-دە، سۇدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەلجۇقلار ھېساپسىز نۇسرەت ۋە قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى. ھەرتەرەپكە پېتراپ كەتكەن لەشكەرلەر يىغىلىپ بۇلارغا قوشۇلدى. بۇلارنىڭ سەردارى جەئنەربەگ (چاغرىبەگ) ۋە توغرۇلبەگ ئىدى. بۇلارنىڭ تاغىسى مۇسا بىننى سەلجۇق (18) بولۇپ، لەقىبى يەغۇي كەلان ئىدى. ئۇلار-بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلارىيغىلىپ ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئىتتىپاق ئۇتۇش مەقسىتىدە ئەھد-بەيئەت قىلىشىپ تۈۋەندىكىدەك نامە يۇتتى:

«بىز سالجۇق ئەۋلادلىرىدۇرمىز. بىزنىڭ ئۇلۇغ (چوڭ) بۇرادىرىمىز ئىسرائىل سەلجۇق ئىدى. ئۇنى مەھمۇد نورغۇنلىغان قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىمىز بىلەن تۇتۇپ بەند قىلدى ۋە ھىندىستاندا يەتتە يىل تورغۇزۇپ ھالاك قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد تەختتە ئولتۇرۇپ، ئۆز مەنپەئەتى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مەملىكەتنى ياخشى تۇتمىدى. بۇ سەۋەبتىن خوراساننىڭ يۇقىرى تەبەقە كىشىلىرى بىزنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن، ئىلتىماس قىلىشتا (نامە ئەۋەتىپ جەڭ قىلىشقا) مەجبۇر بولدۇق. ئۇلارنىڭ دوستلۇق ۋە ياردىمى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەندۇق. مەسئۇد لەشكەر ئەۋەتىپ شىكەست تاپتى. ئاندىن ئۆزى ھېساپسىز لەشكەر بىلەن كەلدى. ھەقتائالانىڭ نۇسرىتى ۋە رەسۇل-ئەكرەمنىڭ روھى شەرىپلىرىنىڭ مەددىتى بىلەن ئۇلار (مەسئۇد) ئۈستىدىن غالىپ بولدۇق. كىبرەملىك ئاللانىڭ بۇ مەرھەمىتىگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئەدىل-ئادالەت ۋە سېخىيلىك قىلىپ، زۇلۇم ۋە جاپانى نابۇت قىلدۇق. ئۈمىد قىلىمىزكى، بۇ ئىشىمىز ئەمىرۇل مۇئمىنىننىڭ يەرمانىغا مۇۋاپىق بولغاي، ۋەسسالام!».

نامىنى ئەبۇ ئىسھاق فۇقائىدىن ئەمىرۇل-مۇئمىنىن باھۇللاغا ئەۋەتتى. ئاندىن ۋىلايەتلەرنى تەقسىم قىلدى: جەئنەربەگ (چاغرىبەگ) مەرۋ (19) نى پايتەخت قىلىپ، خوراساننىڭ كۆپرەكىنى

ئۆز ئىختىيارىغا ئالدى. تاغىسى مۇسا پەيغۇ ھىرات(20)، ئەسفەر، سىيستان ۋە يىگىرمە شەھەرنى ئىختىيار قىلدى. چەئنەربەگنىڭ چوڭ ئوغلى قادىر كىرمان (ئىراننىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى شەھەر) سەرھەد (چېگرا، مەملىكەت)دە تۇردى. توغرۇلبەگ ئىراقتا كەلدى. چەئنەربەگ (چاغرىبەگ) نىڭ ئانىسىنىڭ بىر تۇغقىنى ئىبراھىمنى ھەمدان (ئىراننىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمى شەھەر)غا ئەۋەتتى. بۇرادىرىنىڭ ئوغلى ئەمىر يەقۇت (21) نەھرۋ رىيھان تەرەپكە يۈردى. ئىسرائىل بىننى قۇلتەمىشنى كورگان ۋە دامغانغا تەيىنلىدى. ئالىپ ئارسلان (22) چەئنەر (چاغرىبەگ) نىڭ ئوغلى، مۇھەممەدنىڭ بۇرادەرزادىسى ئىدى. ئۆز خىزمىتىگە تۇرغۇزۇلدى.

نامە ئەمىرۇل-مۇئمىنىن قايىم باھىرۇللاغا يەتتى. ئۇ ھەيبەتۇللاھ بىننى مۇئمىنىننى ياخشى سۆزلەر بىلەن توغرۇلبەگكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ۋە توغرۇلبەگنى باغداتقا ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى، بەس.ھەيبەتۇللاھ بېرىپ توغرۇلبەگنىڭ ۋىلايىتىدە فەتىھدە (ئېۋەشكە كەلتۈرۈش، دېگەن يېرىدىن چىقىرىش) يۈرسىتى يەتبەي، ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى.

تارىختا توت يۈز قىرىق يەتتە ئىدى. توغرۇلبەگ باغداتقا كەلدى. ئەمىرۇل-مۇئمىنىن قايىم باھىرۇللاھ باغداتتا سۇلتان، ئەركانى دەۋلەت (دۆلەت ئەربابى) ئەبۇ تالىب بىننى توغرۇلبەگ بىننى مەھبۇد مىكائىل بىننى سەلچۇقنىڭ دۆلىتى ۋە نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ جار سالدۇردى ۋە ئۇنىڭغا «ئەركانى دەۋلەت» دەپ لەقەب (نام) بېرىپ، نامىنى مىتال پۇلغا نەقىش قىلدۇردى ھەمدە ئۇنىڭغا ھېسابسىز ئالتۇن-كۈمۈش، قىممەتباھا تاشلارنى چاچتۇ قىلدى(23). ئاندىن كېيىن ئەبۇ ئىيەد يەلبى ئەۋلادىدىن مەلىك رەھىم ئەبۇ ناسىر بىننى پەرۋان ئىمادەر بىننى لىللاھ بىننى ئەلىنەتىغا بىننى سۇلتان دەۋلەتى باغدات(24)قا كەلگەندى. ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەند قىلىپ رەي تەرىپىگە ئەۋەتتى.

توغرۇلبەگ باغداتتىن خانەئى كەئبە (مەككە شەھىرىدىكى زىيارەتگاھ، مۇسۇلمانلار قىبلەسى) گە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ، رەۋزەئى مۇقەددەس (مۇقەددەس قەۋرە، ئەۋلىيالار قەۋرىسى) نەبەۋىي سەللەت ھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تېگىشلىك خىزمەت قىلىپ، تازىم بىجا كەلتۈرۈپ ياندى. ئەمىرۇل-مۇئمىنىن ئالدىغا ھېسابسىز مال-دۇنيا توغرۇلبەگنىڭ ئالدىغا ھېسابسىز مال-دۇنيا ۋە نازۇ نېمەتلەرنى قويۇپ، بارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا مۇقەررەر قىلىش بىلەن، يەنە ئىراق (غەربى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان دۆلەت) ۋە كۆھىستان (25) پادىشاھلىقىنى تەيىن قىلدى. توغرۇلبەگ باغداتتا ئىككى يىل تۇرۇپ قايتتى. توغرۇلبەگ قايتىش بىلەن باغداتنىڭ سەردارلىرىدىن بىساسىر (26) ئەمىرۇل-مۇئمىنىنگە (خەلىپە قايىمغا) قارشى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن توغرۇلبەگنى كىشى ئەۋەتىپ يەنە قايتۇرۇپ كەلدى. بىساسىر سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ لەشكەرلىرى بىلەن شام (سۈرىيىدىكى قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ نامى. ھازىرقى دەمەشىق) تەرەپكە قاچتى. بىراق سۇلتان باغداتقا كەلگىچە بۇرادىرى ئىبراھىم پادىشاھلىق قەستىدە ھەمدانغا كەتكەنىدى. سۇلتان توغرۇلبەگ ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئىبراھىمنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا سۇلتاننىڭ قايتىپ كەتكەنلىك خەۋىرى بىساسىرغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىساسىر يېنىپ يەنە باغداتقا كەلدى ۋە مەۋسىل پادىشاھى فەراۋەش بىننى مۇقەللەد مۇرتەزا، ھەسەننىڭ ئوغلى ۋە فەرىس بىننى بەدران بىلەن قوشۇلۇپ باغداتنى مۇھاسىرە قىلىپ، ئەمىرۇل-مۇئمىنىننى (خەلىپە قايىمنى) تۇتۇپ بەھارەش ئاتلىق بىر ئەرەبكە تاپشۇرۇپ ئىنانەھكە ئەۋەتتى. رەئىس ئەلۋەدنىڭ ۋەزىرى كامال ھۆرمەت، ئەلەم ۋە ئەقىلدە تەڭداشسىز ئىدى. گۇناھ قويۇپ

ئۆلتۈردى ۋە بىر يىل باغداتتا قەرمەتىي (ئىسلام دىنىدىكى مەزھەبلەردىن بىرى، بۇ يەردە شىئەلەرنىڭ تايانچى پاتىمە خەلىپىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئىزاھات (27)» گە قاراڭ)لەر نامىغا خۇتبە ئوقۇدى. بۇ ۋەقەدە باغداتنىڭ پاسبانى ئەتبەكىن سۇلايمان قېچىپ ھەلۋانغا بارغانىدى. ئۇنىڭغا ئەمىرۇل-مۇئمىنىنىڭ (خەلىپە قايىمنىڭ):

«دۆلەت ئەربابى سۇلتاننى (سۇلتان تۇغرۇلبەگنى) تاپسۇن. ئۇ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ بولغاي. چۈنكى قەرمەتىيلەر ھۇجۇمى ئاشكارا بولدى.» دېگەن نامىسى يەتتى، بەس.

ئەتبەكىن ئەمىدۇل-مەلىك ئەبۇ نەسىر (27)گە ۋەزىر سۇلتان ئىدى. ئۇنىڭغا ئاۋۋال نامە ئەۋەتتى. ئەمىر (ئەبۇ نەسىر) دەرھال بۇ نامىگە قارىتا:

«ئالدى بىلەن ئەمىرۇل-مۇئمىنىنگە (خەلىپە قايىمغا) خەۋەر ئەۋەتىلسۇن. تاكى كۆڭلى ئارام تاپقاي. ئەتبەكنى كۈتۈپ تۇرسۇن. ئارقىدىن يېتىپ بارىمەن.» دەپ قىسقىچە جاۋاب ئەۋەتتى ۋە يوللارنى كۆزەتكىلى لەشكەر بۇيرىدى. ئاندىن ئابدۇل-مەلىك سەئىي ئەبۇ ئەئىلاغا ئەتبەكىن ئەۋەتكەن نامىنى بېرىپ ھال-ئەھۋالنى بايان قىلدى ۋە:

«سۇلتانغا (سۇلتان تۇغرۇلبەگكە) قىستا قىلىپ بىر نامە ئەۋەتەيلى. نامىنى كۆرگەن ھامان دەرھال لەشكەر ئەۋەتكەي» - دېدى. سەئىيدۇللا ئەبۇئەئىلا ئەتبەكىنىڭ نامىسىنى ئېلىپ بۇ ئايەتنى ئېيتتى:

«ئۇلار تەرىپىگە ياندىن. قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بىز لەشكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىمىز. ئەلۋەتتە ئۇلارنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىمىز.»

بۇ سۆز بىلەن ئۇلار شاد بولدى ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«بۇ ياخشىلىقتىن بىشارەتتۇر. ئىنشائاللا (خۇدا خالىسا) شۇنداق بولغاي!» دېيىشىپ سەئىي ئەبۇئەئىلانىڭ ياخشى تەربىيە (سۆزلىرى) ئۇچۇن ئۇنىڭغا (ئەبۇئەئىلاغا) بىر يۈكلۈك تۆگە ھەدىيە قىلدى.

سۇلتان (تۇغرۇلبەگ) ئىراقتىن شۇ قەدەر لەشكەر ئەۋەتتىكى، لەشكەرلەرنىڭ ھەيۋىتىدىن ئاسمان - زېمىن ۋە تاغ-دەشت لەرزىگە كەلدى. ئۇلار بىساسىرنى رامىزان ئېيى (9-ئاي)دا تۇتۇپ، بېشىنى كېسىپ باغداتنىڭ دەرۋازىسىغا ئاستۇردى (ئاستى).

تارىختا تۆت يۈز ئەللىك بىر، زۇلھەججە ئېيى (12-ئاي)ئىدى. ئەمىرۇل - مۇئمىنىننى خەلىپىلىك تەختىگە (28) ئەمىرۇل-مۇئمىنىن باغداتتا يېتىپ كېلىش بىلەن سۇلتان (تۇغرۇلبەگ) تۆھپە، سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ پىيادە ئالدىغا چىقتى. ئەمىرۇل-مۇئمىنىن سۇلتانغا ياخشى تىلەكلەر قىلىپ «رۇكنىددىن» (دىن ئەرباب) دەپ لەقەب (نام) بەردى.

(خەلىپە قايىم) نەچچە كۈندىن كېيىن ئەمىدۇل-مەلىك (سۇلتان تۇغرۇلبەگنىڭ ۋەزىرى)نى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:

«سۇلتانغا (تۇغرۇلبەگكە) ئېيتقىن. مەن جەڭگە ئاتلانماقچىمەن. باغداتتا لەشكىرىم ھېسابسىز. ئۇلارغا بىر مۇنچە مال تەيىن قىلسۇن، بۇ بىز ئۇچۇن مەدەت بولغاي» دېدى. ئەمىدۇل-مەلىك:

«سۇلتان (تۇغرۇلبەگ) بۇ ئىلتىماسنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن پەرمان تۇتۇپ باراي» دېدى.

ئەمىد چىقىپ كېتىپ باراتتى، ئالدىغا ۋەزىر خەلىپە (خەلىپە قايىمنىڭ ۋەزىرى) ئۇچرىدى. خەلىپە ئەمىدكە:

«بىر سۆز ئۇچۇن سۇلتان قېشىغا كېتىپ بارىسەن» دېدى. ئەمىد ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى ۋە ئىلگىرىراق كىرىپ سۇلتانغا:

«ۋەزىر خەلىپە كېلىۋاتىدۇ. گۇمان قىلىمەنكى، ئۇ خەلىپە (خەلىپە قايىم) ئۇچۇن بىر نەرسە تىلەيدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا، ياخشى

جاۋاب بەرگىن» دېدى ۋە ئەمىرۇل-مۆئمىنىنىڭ ئىلتىماسىنى يەتكۈزدى. ۋەزىر خەلىپىنىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. سۇلتان (توغرۇلبەگ) ۋەزىرى ئەمىدۇل-مەلىك ئېيتقاندەك، ياخشى جاۋاب بەردى. ئاندىن ئەمىدۇل-مەلىك باغداتنىڭ قائىدىسىنى تۈزۈپ، دەپتەر تۇتۇپ، ئەمىرۇل-مۆئمىنىنگە خىراج مۇقەررەر (تەقلىمەك، تەييارلىماق) قىلىپ، دىۋاننى ئۆز قولىغا ئالدى.

سۇلتان كۆچۈپ ئەزەربەيجان تەرەپكە يۈردى ۋە خەلىپىنىڭ سىڭلىسىنى نىكاھىغا ئالماق بولۇپ، ئەمىدۇل-مەلىكنى خەلىپىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. خەلىپە قوبۇل قىلىشقانىدى، ئەمىدۇل-مەلىك خەلىپىگە بېرىدىغان خىراجنى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئۇنىڭ تەلىپىنى چارىسىز قوبۇل قىلدى.

قىزنىڭ تويلىقى ئۈچۈن قازى تۆت يۈز كۈمۈش تەڭگە ۋە بىر دىنار (ئالتۇن ئاقچا) تەيىن قىلدى. بۇ خەۋەر تەبرىز (ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمي بىر شەھەر) گە يېتىش بىلەن تەبرىزدىكىلەر شەھەرنى (ئەينەكتەك پاكىزىلاپ) بېزىدى. باغدات قازىسى خۇتبە ئوقۇپ نىكاھ قىلدىغان بولدى.

سۇلتان (توغرۇلبەگ) توي قىلماق ئۈچۈن تەبرىزدىن رەيگە يۈردى. رەيگە يېتىپ كېلىش بىلەن سۇلتان كېسەل بولۇپ قالدى. ھاۋا ئىسسىق ئىدى. ئۇلار رەي دەرۋازىسىغا چۈشتى ۋە ئۇ يەردە سۇلتان (توغرۇلبەگنىڭ) بۇرنىدىن قان ئېتىش كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

تارىختا تۆت يۈز ئەللىك بەش، رامىزان ئېيى (9-ئاي) ئىدى. بۇ سەردارنى باغداتتا ئېلىپ ياندى. سۇلتان رۇكىددىن ئەبۇ تالىب توغرۇلبەگ مەھمۇد ئىبنى مىكائىل ئىبنى سەلچۇق يىگىرمە ئالتە يىل پادىشاھ بولدى (29) ۋەزىرلىرى سەلار بۇركامى ئەبۇ ئەل-ئاسىم كويامى، ئەھمەد، ھەسەن بىننى ئەبۇنەسىر، ئەمىدۇل-مەلىك

كىدرىس، ياساۋۇلى ئابدۇررەھمان ئالىپ زەن ئەلائاجى مەھدى،
ئەھمەدۇللاھ ئەلى ئىيادىيە ئىدى،

# 3

## سۇلتان ئالپ ئارسلان

(1072-1063)

سۇلتان توغرۇلبەگ ۋاپات بولغاندا، ئالپ ئارسلان مەھمۇد بىننى جەئفەربەگ (چاغرىبەگ) خۇراساندا ئىدى(30). شۇڭا كىچىك ئىنىسى ئەمىر سۇلايماننى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئەمىر سۇلايمان كىچىك ئىدى. ئالپ ئارسلان زۇلھەججە ئېيى (12-ئاي)دا كېلىپ، ئۆزى تەختتە ئولتۇردى. ئىراق، خۇراسان ۋە كوھىستانغا پادىشاھ بولدى. ئۇ تولىمۇ ھەيۋەتلىك، سىياسەت قىلىچى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ، جاھانكۇشاي (جاھاننى شادلاندۇرغۇچى)، قەددى-قامىتى زور، ساقىلى ئۇزۇن؛ ئوقيا ئېتىشتا يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە كىشى ئىدى. ئاتقان ئوقى خاتاسىز تېگەتتى. تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرسا، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ھەرقانداق ئەلچى كەلسە، پادىشاھنىڭ ھەيۋەت ۋە ئۇلۇغلۇقىدىن سۆزلىيەلمەس ئىدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندا، تاغىسى سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ ۋەزىرى ئەمىدۇل-مەلىكنى ئۆلتۈرۈپ، نىزامۇل-مۈلك(31)نى ۋەزىر قىلدى.

ئەمىدۇل-مەلىك ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىر يىل بەندتە تۇرغانىدى. ھەم ھەسەن ئىبن ئەلى ئىبن ئىسھاق پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغانىدى. بۇ چاغلاردا نىزامۇل-مۈلك دىققەت - ئەندىشە ئىچىدە يۈردى. قاچانىكى، ۋاقتى-سائىتى توشۇپ، ئەمىدۇل-مەلىكنى ئۆلتۈرگىلى كىشى كەلگەندە، ئەمىدۇل-مەلىك مۆھلەت تىلەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرەت ئېلىپ ئىككى رىكئەت ناماز ئۆتىدى. ئاندىن تاۋلاپ مۇنداق دېگەنىدى:

«پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، دەرھال مېنىڭ خەۋىرىمنى پادىشاھقا يەتكۈزگەيسەن ۋە پادىشاھقا ئەمدۇل-مەلىك (مېنىڭ خىزمىتىم ياخشى خىزمەت ئىدى. مېنى تاغاڭ سۇلتان توغرۇلبەگ ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە ئۆستۈرۈپ، بۇ جاھاننى بەرگەنىدى. سەن شېھىتلىق دەرىجىسىگە ئۇلاشتۇرۇپ، ئاخىرەتنىڭ مۈلكىنى بەردىڭ. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلەردە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى تاپتىم بۇ چاغقىچە ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈدىغان بۇنداق يامان ،بەدئەت رەسىم - قائىدە چىققان ئەمەس ئىدى. ئەمدى بۇ مۇشۇ تەرىقىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالغۇسىدۇر) دەپ ئېيتتى دېگەيسەن.»

ئالپ ئارسلان لەشكەر تارتىپ پارسنى ئالدى ۋە كېچىسى تۇساتتىن ھوجۇم قىلىپ ھېسابسىز خەلقنى ئۆلتۈردى. ئاندىن رۇم پادىشاھى ئەزمايۇس (32) غازىتقا باردى. ئەزمايۇس ئۈچ يۈزمىڭ لەشكەر بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭگە چىققانىدى. ئالپ ئارسلان ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن ئۇلارغا شىكەست بەردى.

ئالپ ئارسلان ئەزمايۇسقا قارشى جەڭگە بارغاندا ئەمەرۇل-سەئدۇللانى لەشكەرلەرنىڭ يول باشلىغۇچىسى (سەردار) قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن لەشكەرلەرنى تەرتىپلەپ سەپ راستلىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدا رۇم (33) دىن كەلگەن ئارەز ئاتلىق بىر پادىشاھ بار ئىدى. سەئدۇللا ئۇنىڭغا ئەزمايۇسنى تىرىك تۇتۇشنى تاپىلىدى. دەرۋەقە جەڭدە سەئدۇللاغا ئەزمايۇس ئۇچراپ قالدى. سەئدۇللا ئۇنى رۇمدا كۆرگەنىدى. تونۇپ، ئەسىر قىلىپ دەرھال سۇلتاننىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. سۇلتان ئەزمايۇسنى نەچچە كۈن بەند قىلىپ، ئاندىن قۇلشىغا بەندىلىك (قۇللۇق) ھالىتىسىنى سېلىپ، ئامانلىق بېرىپ، ھەر كۈنى مىڭ دىنار جىزىيە (ئولپان جىراج)

تايشۇرۇشقا ماقۇل قىلىپ قويۇپ بەردى.

سۇلتان ئالپ ئارسلان كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماۋەرائۇننەھر (34) گە جەڭگە باردى ۋە جەيھۇن (ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى) دەرياسىدىن ئۆتتى. دەريا لېۋىدە «قەلئەيى بۇرزەم» ئاتلىق بىر قورغان بار ئىدى. لەشكەرلەر بۇ قەلئەنىڭ لەشكىرىنى كوتۇۋالى (قورغان مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى) يۇسۇف بۇرزەمى (35) بىلەن قوشۇپ ئەسىر قىلىپ كەلتۈردى. سۇلتان ئالپ ئارسلان ئۇنىڭدىن سۆز سورىغانىدى، راست سۆزلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قىيناشنى بۇيرۇدى، بەس. بۇ ئادەم جېنىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۆتۈكىنىڭ قونجىدىن بىر پىچاقنى ئېلىپ سۇلتانغا قاراپ يۈگۈردى. ئاڭغىچە سۇلتاننىڭ ئادەملىرى تۇتىۋاقچى بولغانىدى، سۇلتان مەرگەنلىككە ئىشىنىپ تۇتۇشلى قويمىدى ۋە بىر ياي ئوق ئۈزدى. بىراق، ئوق خاتا كەتتى. ئۇ ئادەم سۇلتانغا پىچاق ئۇردى. سەئىدۇللا سۇلتاننىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۆزىنى سۇلتاننىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. بىراق ئۈلگۈرمىگەنىدى. سەئىدۇللا ئورنىدىن تۇردى (پىچاق سۇلتانغا تەككەنىدى). ئىككى مىڭ لەشكەر سۇلتاننىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتانىدى. يۇسۇف بۇرزەمى قولىدا پىچاق تۇتقان ھالدا بۇلارنىڭ ئالدىدىن قاچتى. لەشكەرلەرنىڭ سەردارى جامەئى نىساۋەرنىڭ قولىدا بىر چوماق بار ئىدى، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ چوماق بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.

قىسسە: ئالپ ئارسلان مەرد-مەردانە ئىدى. ھەممە ئالەمنى ئۆزىگە قاراتقانىدى. جەيھۇننىڭ لېۋىدە بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئوغلى مەلىك شاھنى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلدى.

سۇلتان مەلىك شاھ (36) نىڭ ۋاقتىدا جامەئىنىساۋەرنىڭ ئوغلىنى سۇلتاننىڭ قۇللىرىدىن بىرى ئۆلتۈرۈپ، قېچىپ ھەرەم سارايىغا كىرىۋالغانىدى. جامەئى ئارقىدىن كېلىپ سارايىنىڭ ئىشىكىدە پەرياد-پىغان قىلغان بولسىمۇ، ھېچ پايدا بەرمىدى. ئاخىر بىر كۈنى سۇلتان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتلىنىپ چىققاندا، جامىئ ھېچبىر تارتىنماستىن سۇلتاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ:

«ئەي پادىشاھى ئالەم، ئاتاڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىنى مەن ئۆلتۈرگەنىدىم. ئەمدى ئوغلۇمنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىمۇ شۇنداق قىلغىن.» - دەپ ئىلتىماس قىلدى. سۇلتان:

«راست ئېيتىسەن!» دېدى ۋە خىزمەتكارىغا قولنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرىدى. خىزمەتكار قولنى ھەرەم سارايدىن تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. سۇلتان ئۆز نامىدىن جامىغا ئون مىڭ دىنار بەرگەنىدى، قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن قولنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى.

* * *

ئالپ ئارسلاننىڭ ئون ئوغلى بار ئىدى. ئۇ تارىخنىڭ تۆت يۈز يىگىرمە بىرىنچى يىلى، ماھى مۇھەررەم (1- ئاي) نىڭ ئىككىسى، ئازنا كېچىسى دۇنياغا كەلگەنىدى. سۇلتان توغرۇلبەگدىن كېيىن ئون ئىككى يىل ئون ئاي ئۆمۈر كۆردى. ئۇ ئوتتۇز تۆت ياشتا ئىدى. لەقىمى سۇلتان ئەسەدۇللاھ (ئەسەدۇللاھ - خۇدانىڭ شىرى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ئەسلىدە ئەلىگە بېرىلگەن لەقەم ئىدى) ئىدى.

بولۇر ياخشىلىق كەلسە، دوستىرەس -
يامانلىقتا دوست غەلەكۇ ھەمىشە ئېرۇر.
ئەگەر ئاقىلى ياخشىلىق سارى يۈر،
كېلۇر ياخشىلىقتا داغى ياخشىلىق،
يامانلىقتا ھەم كەلگۈسىدۇر بۇ شەق،
نە خۇش دەبدۇر ئول پىرى ئالەم نەۋرەد،
يامانلىق يولىدىن چىقارمەكى گەرد.

## 4

# سۇلتان مەلىك شاھ

(1092-1072)

بايان قىلىنىشچە، سۇلتان مەلىك شاھ - لەقىمى سۇلتان جەلال دەۋلى (جەلالىددىنئەددەۋلى) مەغزىد دۇنيا (دۇنيانىڭ ئاقىلى)، ۋالىدەين (ئاتا-ئانا) ئەبۇلفۇتتى نەسەبى مەلىك شاھ بىننى ئالىپ ئارسلان مەھمۇد بىننى ئەبۇ سۇلايمان جەئفەربەگ (چاغرىبەگ) بىننى داۋۇد بىننى مىكائىل بىننى سەلچۇق پادىشاھ ئىدى. («ئىنزاھات (37)» گە قاراڭ). ئۇ ھەممىگە قادىر ۋە مەدەتكار خۇداۋەندە ئالەمنىڭ نۇسرىتى بىلەن قۇۋۋەت تاپقان، قۇدرەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ تەۋفىقى (ياردەم، مەدىتى) بىلەن ياخشى نىيەتلىك بولغان؛ ئاتا - بوۋىسى جاھانگىرلىك بىلەن جاھاندارلىق بېغىدا دەرەخ تىكىپ، سايىسىدا سەلتەنەت تەختىنى قويغان ۋە ئۇ دەرەخ بۇ شاھنىڭ (سۇلتان مەلىك شاھنىڭ) دەۋرى باھارىدا كامالغا يېتىپ مېۋە بەرگەنىدى. ئالەم ئۇنىڭغا (سۇلتان مەلىك شاھقا) ئىتائەت قىلغان، كاتتا نامى ئالەمگە يېيىلغان، پۇخرالىرى شاد، شەھەرلىرى مەمۇرچىلىق ئىدى. ئۇ نەچچە زامان جاھان مەيدانىدا ھۆكۈمرانلىق شوخلۇقى بىلەن جەۋلانلار كۆرسەتتى. مەقسەد كويىنى مۇراد چومىقى بىلەن سوقۇپ، غەرەز ھوسۇلىغا ئىنتائەتچان ۋە ئاسان بولىدىغان قالىپاس ئىدى. ئۇنىڭ نىزامۇل-مۇلك («ئىزاھات (32)» گە قاراڭ) مەسەللىك بىر ۋەزىرى بار ئىدىكى، ئۇ ھەممىدە كامالەتكە يەتكەن. پېشۋايى نەبى (يولباشچى، ئەۋلىيا) ئادەم ئىدى. شۇڭا ئەقلىنىڭ زىيادە ۋە مۇكەممەللىكىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەلتەنەت ئۇنىڭغا مۇقەررەر بولدى.

سۇلتان پادىشاھلىق دەۋرىدە ئەنتاكىيە (37) دىن ئۆزكەنتكە ئىككى مەرتىۋە بارغاندى. كېيىن بارغىنىدا تارىختا تۆت يۈز سەكسەن بىر ئىدى. دەريا لېۋىگە چۈشۈپ ئىككى رىكئەت ناماز ئوتەپ شۈكرانىلەر قىلدى. مەملىكەتنى مەشرىق (شەرقتىكى جايلار) تىن مەغرىپ (غەرپتىكى جايلار) قىچە سوزۇلغانىدى. شۇڭا ئۇ خاس كىشىلىرىگە شام (38) ۋىلايەتلىرىنى بەردى. قسىمەدۇللاغا ھەلەب (39) - شەھىرىنى بەردى. ئەنتاكىيەنى ئەقسانغا بەردى. قەندۇھارنى ئىماد ئەددەۋلىگە بەردى. موسۇلنى ھوكەرمىشكە تەيىن قىلدى. ئۇ يەردىن يېنىپ سەمەرقەندكە كېلىپ، سۇلەيمان جانىبىنى ئەسىر قىلىپ ئۆزكەنتكە باردى. خوتەندىن تارتىپ ھەر شەھەرگە ئۆزىنىڭ خاس كىشىلىرىدىن بىرنى قويدى. ئاندىن خارەزم (40) گە باردى. ئاندىن يېنىپ مەرۋى (41) گە كەلدى. بۇ سەپەردە بۇ ئىشلار بىر يىلدا بولۇپ ئۆتتى. ئاندىن ئىسپاھان (ھازىرقى ئىراننىڭ بىر شەھىرى) غا كېلىپ، ھەر يەرگە ئۆز كىشىسىنى قويۇپ، رەسىم - قائىدىلەرنى تۈزۈپ بەدئەت، يامان ئىشلاردىن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۈزۈپ، يۇرت - شەھەرلەرنى چوڭتۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ تەرتىپلەپ سەرەنجام قىلدى. ئادالەتلىكى شۇ قاتارلىق ئىدىكى، ئۇنىڭ دەۋرىدە ھېچ يەردە زۇلۇم - پاسات يوق ئىدى. ئېيتىلگەن، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئۆزى كىرىپ سۇلتاندا ئەرز قىلىپ، تەلەپ-مەقسىدىگە يېتەتتى. ئۇلار ئۇچۇن ھېچقانداق توسالغۇ يوق ئىدى.

ئۇنىڭ (سۇلتان مەلىك شاھنىڭ) خەيرى - ساخاۋەت، ياخشىلىقلىرىدىن بىرى شۇكى، مەككە يولىدا سەرپ قىلىشقا ھېسابسىز مال بۇيرۇدى. ھاجىلارنى مېھمەت-ئەمگەكتىن ئازات قىلدى. ئەمرۇل-مۇئمىنىن شاھ ۋاقتىدا، ھەر بىر ھاجىدىن ۋە بادىيە (سەھرا)، مۇجاۋىرانى كەئبەئى مۇئەززەمە ( مەككىدە تۇرغۇن

بولغۇچى، مەككىدە ياشىغۇچى ئۇلۇغ) لەردىن يەتتە زىخچە ئالتۇن ئېلىش رەسمى بار ئىدى. بۇ قائىدىنى يوق قىلدى.

*　　*　　*

مەلىك شاھنىڭ ھوزۇرىدا دايىم ئاتلىنىشقا تەييار تۇرىدىغان، ئەمدى بۇرۇتى خەت تارتقان يۈز قىرىق ئالتە مىڭ سەۋارە (ئاتلىق) لەشكەر بار ئىدى. بۇلارغا ھەمىشە مائاش بېرەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن رۇم پادىشاھى كۈنىگە مىڭ دىينار (ئالتۇن ئاقچا) خىراج (ئولپان) تاپشۇراتتى (42).

مەلىك شاھ شىكارنى دوست تۇتاتتى. بىر «شىكارنامە» دە بايان قىلىنىشىچە: بىر كۈنى مەلىك شا يەتتىش كىيىك سوقتى. ئۇنىڭ شىكارغا چىققاندا، ھەربىر ئوۋ ئوۋلىغاندا دەرۋىشكە بىر دىنار سەدىقە قىلىدىغان رەسىم - قائىدىسى (ئادەت) بار ئىدى. ئۇ يەنە شىكارگاھ ئۈچۈن ئىراق ۋە خوراساندا ھەر يەردە كىيىك ۋە قۇلان شىرىسىدىن مۇنار قىلدۇرغان؛ ماۋەرائۇننەھر، ئەرەب (43) جورجىستان ۋە ئىسپاھان ۋىلايەتلىرىدە ھەر شىكارگاھتا بىردىن نىشان قويغانىدى.

بىركۈنى سۇلتان مەلىك شاھ خوراساندىن ئىراققا كەلگەنىدى، تاغىسى قاۋەرد (44) كىرماندىن ئاز بولمىغان لەشكەر ئېلىپ مەلىك شاھقا قارشى ئىراققا يۈزلەندى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بەدرى كۆچتە (مەدىنىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان جاي) قوشۇلدى ۋە ئۈچ كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلدى.

قىسسە: قاۋەردنىڭ بىر پالۋىنى لەشكەر سېپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، سۇلتان لەشكىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ جەۋلانبازلىق قىلغانىدى، سۇلتان لەشكىرىدىن دەۋران ئاتلىق بىر پالۋان چىقىپ، ئۇنىڭغا بىر قىلىچ ئۇرماق بىلەن ئىككى پارە قىلىپ، ئېتىنىڭ ساغرىسىنى خوددى خېمىرنى كەسكەندەك كېسىپ تاشلىدى. قاۋەرد بۇ ھالنى كۆرۈپ:



2

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بۇ يەردە تۇرۇپ بولماس» دەپ قېچىپ ئارقىغا ياندى. بىراق ئۈلگۈرەلمەي مەلىك شاھنىڭ لەشكەرلىرىگە ئەسىر بولدى.

مەلىك شاھنىڭ لەشكەرلىرى ھېسابسىز قورال-ياراق، خەزىنە ۋە مال-ئەشيالار غەنىيمەت ئالدى. نەرسىلەرنىڭ ھەددى-ھېسابىغا ئەقىل سىغماس ئىدى. مەلىك شاھ لەشكىرىنى ئېلىپ جەڭگاھتىن ھەمەدانغا كەلدى ۋە شۇ جايدا چۈشۈپ ئارام ئالدى. بۇ چاغدا لەشكەرلەر:

«بىز بۇ جەڭدە مۇنداق مۇۋەپپەقىيەت ۋە نۇسرەت بىلەن چارچىغان ھالدا ياندۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپرەك ھەق تىلەيمىز» دېيىشىپ نىزامۇل-مۇلكنىڭ ئالدىدا ئەرز قىلىشتى. نىزامۇل-مۇلك:

«ئەگەر سىزلەر كۆپرەك ھەق ئېلىشنى خالساڭلار، ئېھتىمال قاۋەردنىڭ گۇناھىدىن ھەم ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەن بۈگۈن كېچە بېرىپ سۇلتانغا ئىلتىماسىڭلارنى يەتكۈزۈپ، مەقسىتىڭلارنى ھاسىل قىلاي» دېدى، بەس. بۇ كېچىسى نىزامۇل-مۇلك قاۋەردكە (ئوغا سېلىنغان) شاراب بېرىپ، ئوغلىغا مىل (قۇببەلىك تۇغ، ئۈستىگە ئۈچلۇق قۇببە ئورنىتىلغان بايراق) چىقىرىشنى بۇيرۇدى. ئەتىسى لەشكەرلەر يەنە كەلدى. بۇ چاغدا نىزامۇل-مۇلك لەشكەرلەرگە:

«قاۋەرد بەندىدە قولىنى چايناپ جان بېرىپتۇ. پادىشاھ تاغىسى جەھەتتىن پەرىشان بولغاچقا، سىزلەرنىڭ ئىلتىباسىڭلارنى يەتكۈزگىلى بولمىدى» دېدى. لەشكەرلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خاموش بولۇپ ھېچقانداق ئۈن چىقىرالمىدى. ئاندىن سۇلتان سەمەرقەندكە كەلدى ۋە خان (ئەھمەدخان) (45)نى پىيادە ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ ئىسپاھانغا ئەۋەتتى. ئاندىن سۇلتان لەشكىرى جەيھۇن (ئامۇدەريانىڭ قەدىمكى نامى)دىن ئۆتتى.

خاجە نىزامۇددىن (نىزامۇل - مۇلك) ئەتتاكىيگە خەرج يۇتۇپ،

پۈتۈپ، ئۇنى سەمەرقەندلىكلەرگە ۋەزىپە قىلدى. ئاندىن سۇلتان ئاتلانغاندى، سەمەرقەند ئەھلى:

« بىز قوۋم دەرۋىشلەردۇرسىز. مەئىشىتىمىز پەقەت سىۋدىندۇر. ناۋادا بىزنى خەرج ئۈچۈن ئەنتاكىيىگە ئەۋەتسەڭ تەڭلىك تارتىمىز » دەپ پەرياد ۋە پىغانلار قىلىشتى. سۇلتان نىزامۇل - مۇلككە:

« ئەي پەدەر، بۇ نىبە گەپ؟ مېنىڭ بۇ دەرۋىشلەر ئىشنى ئەنتاكىيىگە ھاۋالە قىلماقتا قۇدرىتىم يوقتۇر » دېگەنىدى، نىزامۇل - مۇلك:

« ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۇلارنىڭ ئەنتاكىيىگە بارمىقى ھاجەت ئەمەس. ھەرقايىسىنىڭ خەرجى پۈتۈلۈپ مۇتەررەر قىلىنغان. بىزدىن نەق ئالتۇنغا سېتىۋالسا بولىدۇ. مەن بەندە. بۇ ئىشنى پەقەت پادىشاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى جەھەتىدىن قىلدىم. تا جاھان ئەھلى پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى نەدىن نەگىچە جارى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قويسۇن ۋە ناقىلانى ئەخبار (نەقىل قىلىپ خەۋەر بەرگۈچىلەر) تارىخلارغا بۇنى پۈتسۇن » دېدى.

سۇلتان پايتەخت قىلىش ئۈچۈن شەھەرلەر ئىچىدىن ئىسپاھاننى ئىختىيار قىلىپ، ئۇ يەرگە ئىمارەتلەر، باغۇ بوستانلار ۋە راۋاق--گۈمبەزلەرنى بىنا قىلدۇردى. شەھەر سىرتىغا يەنە نۇرغۇنلىغان راۋاق ۋە « باغى-كاران » ، « باغۇ بەيتىل - مال » ۋە « باغى ئەھمەدشاھ » قاتارلىق باغ بەرپا قىلدۇردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىمارەت سالدۇردى ۋە ياساتتى. خەزىنە ساقلاش ئۈچۈن « قەلئەيى شەھەر » ۋە « قەلئەيى زەركۇھ » نى سالدۇردى.

نىزامۇل - مۇلك ناھايىتىمۇ غالىپ ۋە قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ھەر قايىسنى بىر ۋىلايەتكە مەسئۇل قىلغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇلتاننىڭ خانىشى توركان خاتۇن (46) تامغاچ خان (47) نىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ سۇلتانغا غالىپ ئىدى. (توركان خاتۇن مەلىك شاھ ئالدىدا ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەت ۋە ئابرويغا ئىگە ئىدى). تامغاچ خاننىڭ تاجىل - مۈلك ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىدى.

سۇلتاننىڭ يەنە بىر خانىشى زۇبەيدە خاتۇن جەئفەربەگ بىننى يەئقۇتنىڭ قىزى، سۇلتاننىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئىدى.(48) ئۇنىڭدىن بەركىيارۇق (49) ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ھەممە پەرزەنتىنىڭ چوڭى ئىدى. توركان خاتۇندىن بولسا، مەھمۇد (50) ئاتلىق بىر نارسىدە بار ئىدى. توركان خاتۇن دايىم ئوغلى مەھمۇدنى تەخت ۋارىسى قىلىش نىيىتىدە بولاتتى. ئەمما نىزامۇل - مۈلك بەركىيارۇققا مايىل ئىدى. شۇڭا ئۇ سۇلتانغا سەلتەنەتتە بەركىيارۇقنى ۋارىس قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن توركان خاتۇن نىزامۇل - مۈلككە ئاداۋەتلىك بولۇپ قالغانىدى. سۇلتانغا نىزامۇل - مۈلكنى ئەيىبلەپ يامان كۆرسىتەتتى. نىزامۇل - مۈلكنى ئۆلتۈرۈپ، تاجىل - مۈلكنى ۋەزىر قىلىش كېرەكلىكىنى ھەر تەرەپتىن دەلىللەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىر سۇلتاننى بۇ ئىشقا كۆندۈردى.

بىر كۈنى سۇلتان نىزامۇل - مۈلككە:

«سەن مېنىڭ بىلەن پادىشاھلىقتا تەڭ شېرىكلىك قىلىۋاتىسەن، ھەتتا ھەر ۋىلايەتكە مەندىن رۇخسەتسىز پەرزەنتلىرىڭنى قويۇپ، ئۇ جايلارنى ئۆز ئىختىيارىڭغا ئالماقچى بولۇۋېتىپسەن. پەرمانىمنىڭ دەستارىڭنى (سەللە) بېشىڭدىن ئۇچۇرۇۋېتىشىدىن قىلچە قورقماي-دىكەنسەن،......» دېگەن مەزمۇن بىلەن خەۋەر ئەۋەتتى.

نىزامۇل-مۈلك بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەلىك شاھقا:

«مېنىڭ دىنارىم (ئالتۇن ئاقچا) سېنىڭ تاجىڭ بىلەن باراۋەردۇر، بىراق بۇمۇ ئىپتىباقتا ئارتۇقلوق قىلدۇ» دېگەن جاۋابنى بەردى. بۇ سۆزدىن سۇلتاننىڭ غەزەپ ئوتى تېخىمۇ ئۆرلىدى.

نىزامۇل - مۇلكنى تاجىل - مۇلك( 51 )تونتوپ بەردى. بۇ چاغدا سۇلتان ئىسپاھاندىن باغداتتا بارغانىدى. ئۇلار نىھاۋەندكە يەتكەندە تاجىل - مۇلكنىڭ سۆزى بىلەن بىر مەزھەب ئىدىنىنىڭ بىرەر تارمىقى ئىچىدىكى كىشىسى نىزامۇل - مۇلككە پىچاق سالدى.

ئەپسۇس، ھېچكىم ئۇنداق كىشىنى ئۆلتۈرگىلى قەست قىلمىغاي!

ئۇ ئەمىر سەكسەندىن ئۆتكەن، ئالەمدە ياخشى-يامانىنى بىلگەن ۋە كۆپنى كۆرگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى پال ئىدى. سۇلتان باغداتتا يېتىپ كېلىپ ئون سەككىز كۈندىن كېيىن نىزامۇل-مۇلك ئۆلدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەي سۇلتان ھەم كۆمۈلدى. بۇ ھالنى ئەمىر مۇئىززى سۇلتان مەلىك شاھ مەرسىيەسىدىكى مۇنۇ ئىككى بېيىتى ئارقىلىق ئادا قىلغاندۇر:

كى بىر ئاي ئىچرە ئالەمدىن بەقا بوستانىغە -
بۇ تەرىقە شاھ ھەم باردى.
ئانىڭ بايانىدىن قىلدى ناگەھ ،
قەھرى يەزدان، ئەجز سۇلتان ئاشكار.
ئەجز سۇلتاننى كۆرۈپ فىكر ئەيلە -
يەزدان قەھرىدىن.

قىسسە: سۇلتان مەلىك شاھ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پىشتەدەم مەنسەپدارلارنى يۆتكەپ كېلىپ ئىشلەتكەنىدى. ئەمما، ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈش بىلەن نىزامۇل - مۇلكنىڭ ئورنىغا تاجىل-مۇلك ئەبۇل - غەنتايىم ۋەزىر بولدى. ۋە يەنە شەرفۇل - مۇلك ئەبۇ سەئىد ھېساب - كىتاب ئىشلىرىغا پىششىق ۋە ئىختىدارلىق، قارى ھەم ئالىيجاناب كىشى ئىدى. ئۇ ھەم بوشىتىلىپ، ئورنىغا مۇھەممەدۇل - مۇلك ئەبۇلغازىل ۋەزىر بولدى. شۇ تەرىقىدە يەنە نۇرغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نامۇۋاپىق ئىشلار بولۇپ ئۆتتى.

مەلىك شاھ ياخشى سۈرەتلىك ۋە قامەتلىك، ئېگىز بويى، تۇۋۋەتلىك ۋە ساقاللىق، چىرايى ئاق كىشى ئىدى. بىر كۆزىدە قىستى بار ئىدى. ئەمما ئۇ قىسىق تۇغۇلۇشىدىن ئەمەس، بەلكى ئادىتىدىن ئىدى. ھەرقانداق قورال - ياراقنى ئىشلىتەلەيتتى. مەيداندا تۇغ - زەنجىر ئويىنىشتا تولىمۇ چاققانىدى. مۇھۇرىگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۇ تارىخنىڭ تۆتيۈز قىرىق بەشى، جەمادىيەل-ئەۋۋەل (بەشىنچى ئاي) دە تۇغۇلغانىدى. يىگىرمە يىل پادىشاھ بولدى. بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندا ئۆمۈر مۇددىتى ئىككى كام قىرىقتا ئىدى. ۋەزىرلىرى - نىزامۇل - مۇلك،موجىدۇل - مۇلك،سەدىدۇل - مۇلك ۋە كامالىدۇللاھ ئىدى. ياساۋۇلى - قەماج قەلەم ئىدى.

## 5

# سۇلتان بەركيارۇق

(1104-1093)

قىسسە: بەركيارۇقنىڭ ئاتاق نامى (ھۆرمەت نامى) سۇلتان
رۇكنىددىن ۋە ئەددۇنيا؛ تەخەللۇسى ئەبۇل مۇزەففەر ئىدى.

سۇلتان مەلىك شاھ ئۆلگەندە بەركيارۇق ئاران ئون ئۈچ
ياشتا ئىدى. ئاتىسى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىش ئالدىدا يەنىلا
سەلتەنىتىنى ئۇنىڭغا (بەركيارۇققا) تاپشۇردى. ئەسلىدە بۇ چاغلاردا
ئۇ ئىسپاھاندا ئىدى. شۇڭا توركان خاتۇن مەلىك شاھتىن ئۆز ئوغلى
مەھمۇد (ئىككى ئايلا سۇلتان بولغان)نى پادىشاھ قىلىش ۋە نامىغا
خۇتبە ئوقۇتۇشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەلىك شاھ:
«مەھمۇد نارسىدە، كىچىكتۇر. پادىشاھلىققا يارىماس» دەپ
توركان خاتۇننىڭ ئىلتىماسىنى رەد قىلغانىدى. توركان خاتۇن بۇ
خۇسۇستا ھېسابسىز مال سەرىپ قىلدى.

ئىسپاھاندىكى بىر خەلىپىنىڭ مەلىك شاھنىڭ قىزى مەھمەلىك
خاتۇن (52)دىن بولغان جەئفەر ئاتلىق ئوغلىنى توركان خاتۇن
بېقىپ پەرۋىش قىلغانىدى. ئاخىر ئۇنى «ئەمىرۇل-مۇئمىنىن» دەپ
نام بېرىپ، ئىسپاھاندا خەلىپە قىلماقتا مەلىك شاھتىن رۇخسەت
ئېلىۋالدى. جەئفەرنىڭ ئاتىسى ئىسپاھاندا ئىدى ئۇنىڭغا:
«لەشكەر بازىرى دېگەن يەرنى ئاۋات قىلىپ، ئۇ يەرنى
پايتەخت قىلاي ۋە جەئفەرنى شۇ يەردە خەلىپىلىككە ئولتۇرغۇزاي»
دەپ كىشى ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ جەئفەرنى مەھمۇد بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسپاھانغا ماگدۇردى ھەمدە مەھمۇدنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، جەئىسنەرنى خەلپىلىككە ئولتۇرغۇزدى. توركان خاتۇن تۇغقىنى ئەمىر گۆر بوغاننى سەردار قىلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە، بەركىيارۇقنى تۇتۇش ئۈچۈن باغداتتىن ئىسپاھانغا لەشكەر ئەۋەتتى.

قىسسە: نىزامۇل - مۇلكنىڭ ئائىلە ئوغلى ۋەزىر ئىدى: بۇلاردىن ئۈچى - ئەزىل - مۇلك ئەبۇ ئابدۇللا، فەخرۇل - مۇلك ئەبۇل مۇزەففەر ۋە مۇۋائىد ئەبۇ نەزەر بەركىيارۇقتا ۋەزىر ئىدى. ئىككىسى - سۇلتان سەنجىرى شەمسۇل - مۇلك ئوسمان ۋە سۇلتان مەھمۇد زىيائۇل-مۇلك سۇلتان مەھمۇد بىننى مەلك شاھنىڭ ۋەزىرى ئىدى. يەنە بىرى ئىمادۇل - مۇلك ئەبۇلقاسىم ئارسلان بولۇپ، ئۇ سۇلتان ئەرغەۋانىي ئالپ ئارسلانغا ۋەزىر ئىدى.

نىزامۇل - مۇلكنىڭ ئوغلانلىرى بەركىيارۇقنى ھىمايە قىلاتتى. ئاخىر لەشكەر بېرىپ بەركىيارۇقنى ئىسپاھاندىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بەركىيارۇق تۇتۇق ئاتىسى ئەتبەكنىڭ قېشىغا باردى. ئەتبەكىن بەركىيارۇقنى رەيي شەھىرىگە ئېلىپ باردى ۋە ئۇ يەردە تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئەبۇ مۇسلىم رەيي شەھىرىنىڭ سەردارى ئىدى. ئۇ بىر تاج تەييارلاپ كىيدۈردى.

بەركىيارۇق رەيي شەھىرىدە يىگىرمە مىڭ لەشكەر يىغدى. توركان خاتۇن ھەم ئىسپاھانغا كېلىپ، شەھەرنى مەھكەم قىلغاندى. سۇلتان بەركىيارۇق لەشكەر بىلەن ئىسپاھانغا يېتىپ كەلدى. توركان خاتۇن خەزىنىلەرنى ئېچىپ، ئالتۇن - كۆمۈشلەرنى ئۇمەرالىرىغا چاچقۇ قىلىپ، بەركىيارۇقنى چېكىندۈرۈش مەقسىدىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ۋەزىر تاجىل-مۇلك ئەبۇلغەنائىيم بىلەن موجىدۇل - مۇلك تەدبىردە ئىگىلىرى ئىدى. ئۇلار ئۇمەرا ۋە سىپەھسالار (باش قوماندانلار) بىلەن مەسلىھەت قىلىپ سۇلھە تۈزۈشنى قارار قىلىشتى

ھەمدە بەركىيارۇقنا سۇلھىگە ماقۇل قىلىش ئۇچۇن ئاتىسىنىڭ مىراسىدىن بەش يۈز دىنار چىقىرىپ بەردى. بەركىيارۇق قوبۇل قىلىپ ھەمدانغا قايتتى. بۇ چاغدا توركان خاتۇن ئەمىر يەئقۇتنىڭ ئوغلى مەلىك ئىسمائىلغا ھېسابسىز پۇل-مال ۋە ئالتۇن-كۈمۈش تارتۇق قىلىپ:

«ئەگەر بەركىيارۇقنىڭ لەشكەرلىرىگە شىكەست بەرسە، مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا قوبۇل قىلىمەن» -دەپ، نۇرغۇن قورال - ياراق بىلەن كىشى ئەۋەتتى.

تارىختا يۈز سەكسەن ئالتە، بىل بېشى ئىدى. مەلىك ئىسمائىل گورخ دىيارى سەھراسىدا بەركىيارۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، شىكەست يەپ، بەركىيارۇقنىڭ ئانىسى زۆبەيدە خاتۇننىڭ قېشىغا باردى. شۇ يىلى رامزان ئېيى (توققۇزىنچى ئاي)دا سۇلتان ئۇنى ئۆلتۈرگە بۇيرۇپ، ئۆزى تاغىسى ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى ئۇستىگە ئاتلىنىپ كۇھىستانغا كەلدى. بۇ چاغدا توركان خاتۇن ئۆلگەندى. شۇڭا ئازغىنە لەشكەر بىلەن ئىسپاھانغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، سۇلتان مەھمۇد تاقابىل بولالىماسلىقنى چاغلاپ بەركىيارۇقنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئات ئۈستىدە كۆرۈشۈپ، شۇ كۈنىلا ئۇنى تەكلىپ قىلىپ راۋاقتا چۈشۈردى.

سۇلتان مەھمۇدنىڭ بىلگابەگ ئاتلىق بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. بەركىيارۇق ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىش مەقسىدىدە، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەك بولغانىدى، تۇيۇقسىز سۇلتان مەھمۇد كېسەل بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەھۋالنىڭ نەگىچە بولۇشىنى كۈزىتىپ توختاپ تۇردى. شۇ ھەپتە جاھان پىتىنىگە تولدى. ئىسپاھان خەلقى بەركىيارۇقنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇشتى. بۇ چاغدا مۇۋائىيىدۇل - مۇلك (نىزامۇل - مۇلكنىڭ ئوغلى) خوراساندىن كەلگەنىدى. ئۇنى ۋەزىر قىلدى. ئاندىن بەركىيارۇق لەشكەر توپلاپ ھەمدانغا كەلدى. سەپەر ئېيى (2-ئاي)ئىدى. تاغىسى ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى بىلەن

جەڭ قىلدى. جەڭدە ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى شىكەست تاپتى. بۇ ئەسنادا فەخرۇل - مۇلك بىننى نىزامۇل-مۇلك خوراساندىن ھېسابسىز سوۋغا - سالاملار بىلەن كېلىپ، سۇلتانغا ئەتلەس چادىر (پادىشاھانە چادىر) ۋە قورال - ياراق تەييارلاپ بەردى. فەخرۇل مۇلكنى ۋەزىر قىلدى.

مۇلاھىز مۇجادىل ئاتلىق بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ بەركىيارۇقتا قەست يەتكۈزدى. ئەمما بەركىيارۇق ئۇ جاراھەتتىن ساقىيىپ، تاغىسى ئارسلان ئەرغۇكتىن تولىمۇ خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا. تاغىسى ئارسلان ئەرغۇك ئۈستىگە -خوراسانغا يۈزلەندى. ئۇ مەرد، پالۋان ئىدى. لەشكىرى ھەم ھېسابسىز ئىدى. بەركىيارۇق بۇرادىرى سۇلتان سەنجەر بىلەن ئاتابىكنى ئاۋۋال ئەۋەتتى. ئارقىدىن ئۆزى بارلىق لەشكەر بىلەن باردى.

تارىختا تۆت يۈز سەكسەن توققۇز ئىدى. كۈتۈلمىگەندە ئارسلان ئەرغۇكنى بىر لەشكەر پىچاقلاپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بەركىيارۇق توسالغۇسىزلا يېتىپ كەلدى. ئارسلان ئەرغۇكنىڭ ئىككى ئوغلى-ئەرسەف ۋە مىھران تەرمىزگە كەتتى. بەركىيارۇق خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىپ، مەلىك سەنجەرنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئىراق تەرەپكە يۈزلەندى.

قىسسە: مۇئەبەدۇل - مۇلك ۋەزىرلىكتىن بوشىتىلىش بىلەن بەركىيارۇق يەنە خوراسانغا كەلدى.

سۇلتان مەلىك شاھنىڭ بىر قۇلى بار ئىدى. ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ بەركىيارۇقتا:

«سېنىڭ توركان خاتۇننىڭ ئوغلى مەھمۇدتىن ھېچ كەملىكىڭ يوق. سېنى سۇلتان ئوغلۇم دەپ ھەممە پەرزەنتلىرىدىن ئەزىز كۆرەتتى. ھازىر ھەم ئۇلۇغلۇقۇڭ، ھەيۋىتىڭ ۋە شۇجائىتىڭ خەلقنىڭ كۆڭلىدە پادىشاھلاردىن زىيادىدۇر. سەن خەلققە شەپقەت قىل.

سېنى تەختكە ئولتۇرغۇزايلى. ئەگەر بىر نۆۋەت غەلىبە قىلساڭ، جاھان ساڭا ھېچ قارشىلىقسىزلا بويسۇنىدۇ» دېدى. بۇ سۆز بىلەن سۇلتاننىڭ غۇرۇرى ئالدىنىپ نەپسى ئۆرلىدى. ئۇنىڭغا قىزىل سەراپەردە (پادىشاھانە چېدىر) قىلدۇرۇپ، نام بېرىپ، مۇئەييەدۇل مۇلك بىلەن موجىدۇل - مۇلكنى خىزمىتىگە تەيىنلىدى. ئاندىن ئىسپاھاندىن رەي تەرىپىگە بىللە ئېلىپ يۈردى. مۇئەييەدۇل-مۇلك سادەنىڭ سەھراسىدا مەرھەلەئى ئانچىلا ۋەندكە يەتكەندە باتىنا نەسىق ئاتلىق بىر ئادەمنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈپ ھادىسە پەيدا قىلدى ۋە ئۇ بۇ ۋاقىئە سەۋەبى بىلەن ئىراق ۋە خوراساندا تۇرالماي، سۇلتان مەھمۇدنىڭ قېشىدا - كەنجكە باردى. تارىختا تۆت يۈز سەكسەن ئىككى ئىدى. ئۇنى (سۇلتان مەھمۇدنى) پادىشاھلىققا تەرغىپ قىلىپ كەنجدىن ئازغىنە لەشكەر بىلەن ئىسپاھانغا ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا سۇلتان بەركيارۇق يېنىپ كۇھىستانغا كەلگەن بولۇپ، موجىدۇل - مۇلك خىزمىتىدە، بارلىق مەملىكەت ئۆز ئىختىيارىدا ئىدى. ئەمىرلەر يۈرسەت تېپىپ سۇلتانغا قارشى باش كۆتۈرۈپ جىققى ۋە ھەممىسى سۇلتاندىن موجىدۇل - مۇلكنىڭ ئوغلىنى تەلەب قىلدى. سۇلتان قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر موجىدۇل - مۇلكنىڭ چېدىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. موجىدۇل-مۇلك قېچىپ سۇلتاننىڭ قېشىغا كىلىۋالدى. لەشكەرلەر يېتىپ كېلىپ سۇلتانغا:

«موجىدۇل - مۇلكنى بىزگە تاپشۇرغىن» دېيىشتى. سۇلتان بەرمىدى. موجىدۇل - مۇلك:

«ئەي پادىشاھى ئالەم، ئەگەر لەشكەرلەرنىڭ غەرىزى مەندە بولسا، ئىجازەت بەرگىن، چىقاي. خالىغىنىنى قىلىشۇن» دېدى. سۇلتان يەنىلا ئىجازەت بەرمىگەندى، لەشكەرلەر سۇلتاننىڭ چېدىرى ئەتراپىدا سەپ-سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى ۋە تۇساتتىن خەزىنىلەرنى تالان قىلىپ، سۇلتاننىڭ سەلتەنەت پەردىسىنى يىرتىپ،

www.uyghurkitap.com

موجىدۇل - مۈلكنى تارتىپ چىقىپ دارغا ئاستى. سۇلتان بۇ ھالنى كۆرۈپ، شاھانە چېدىردىن چىقىپ ئاخىر بېگىنىڭ چېدىرىغا كەلدى. ئاخىر بېك دەرھال چىقىپ تازىم بىجا كەلتۈردى. سۇلتان:

«بۇ نېمە دېگەن باشباشتاقلىق!؟ ئۇلار مېنىڭ ھەرىمىمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماي، سەلتەنىتىم نومۇسىنى نابۇت قىلدى. مەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇراي، سەن بېرىپ ئۇ ناكەسلەردىن غەرىبنىڭ نېمە ئېكەنلىكىنى سوراپ كەل» دېدى. ئاخىربېك سۇلتاننى چېدىردا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاتلىنىپ بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى. بىراق ھېچبىر نەتىجە چىقىرالماي، سۇلتانغا ياساۋۇلنى بۇ سۆز بىلەن ئەۋەتتى.

«بۇ قوۋم سۆزۈمنى ئاڭلىماي، بەتلا باشباشتاقلىقتا مەھكەم تۇرىۋېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ تەدبىرى شۇكى، سۇلتان ۋاقتىنچە بىر تەرەپكە كەتكەي». سۇلتان ياساۋۇلغا:

«ئاخىربېككە ئېيتقىن، نەچچە مەنزىل بارغۇچە ئامال قىلىپ ئۇلارنى توختىتىپ تۇرسۇن. تا خەۋپسىزرەك جايغا بېرىۋالاي» دېدى. ئاندىن ئون بەش قۇلنى ئارقىسىغا سېلىپ رەي تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇد كوھىستانغا يېتىشلىشىپ قالغانىدى. سۇلتان مەھمۇد كېلىپ تەختكە ئولتۇردى، مۆئەييەدۇل-مۈلك ۋەزىر بولدى.

سۇلتان (سۇلتان بەركىيارۇق) نەچچە مۇددەتتىن كېيىن خوراسان، گورگان ۋە رەيدىن لەشكەر يىغىپ، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.جەڭدە سۇلتان مەھمۇد شىكەست يەپ، مۆئەييەدۇل-مۈلك ئەسىر چۈشتى ۋە نەچچە كۈن بەندتە تۇردى. بىر كۈنى ئۇ سۇلتانغا:

«ئەگەر پادىشاھ مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتۈپ ۋەزىرلىككە يەتكۈزسە،يۈزمىڭ دىنار بېرىمەن» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

سۇلتان قوبۇل قىلىپ، ئەتىسى ئۇ مالنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلىپ مۇئەببەدنى قويۇپ بەردى. ئۇ بىر ھەپتە دېگەندە مالنى تەييارلاپ شاھنى كۈتۈپ تۇردى.

بىر كۈنى سۇلتان خانىشى بىلەن ھەرەمگاھتا راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى. پىيالىدار (ساقىي)دىن بىرى پادىشاھنى ئۇخلاپ قالدى، دەپ گۇمان قىلىپ يېنىدىكىلەرگە:

«سەلجۇقلار ئەجەب ھېممەتسىز ئادەملەر ئىكەن» دېدى. مۇئەببەد شۇ جايدا ئىدى. ئۇمۇ سۇلتاننى ھاقارەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان قاتتىق سۆزلەرنى قىلدى ۋە:

«ئاتىسىنىڭ قۇلىنى پادىشاھ قىلىپ، ئۇنىڭغا قورال - ياراق، شاھانە چېدىر تەييارلاپ بېرىپ بەئەدەپلىك قىلدى. ۋە يەنە نەچچە كۈن يۈرۈپ، بۇرادىرىنى باشلاپ كېلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئەمدى ئۇنى ۋەزىر قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىۋاتىدۇ» دېدى. سۇلتان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، چېدىردىن بېشىنى چىقىرىپ مۇئەببەدنى تۇتۇپ كېلىشكە كىشى بۇيرىدى ۋە ئۇنى كەلتۈرۈپ كۆزىنى ئويدۇردى. ئاندىن كۆرسىدا ئولتۇرغۇزۇپ بىر زەرب بىلەن بېشىنى كېسىپ تاشلاپ پىيالىدارغا:

«سەلجۇقلارنىڭ رەھمىتىنى كۆردۈڭمۇ؟» دېدى. پىيالىدار قورقۇپ كېتىپ شۇندىن كېيىن سۇلتانغا كۆرۈنۈش قىلالمىدى.

بايان قىلىنىشىچە، بۇلارنىڭ ئارىسىدا بەش نۆۋەت جەڭ ۋەقەسى بولدى. بىرى سۇلتان بىلەن بولغانىدى.

سۇلتان بەركىيارۇق تارىخنىڭ تۆت يۈز يەتمىش نۆتى، مۇھەررەم ئېيى (1-ئاي) دا ئىسپاھاندا تۇغۇلغانىدى. ئۇن ئىككى يىل پادىشاھ بولدى. يىگىرمە بەش يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ قىزىل يۈزلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، قوشۇما قاشلىق، ساقال - بۇرۇتى تۇتاش كىشى ئىدى. مۆھۈرىدە «ئەلھەمدۇلىللاھ ئەلا ئەننەئىم» دېگەن سۆز پۈتۈكلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. ۋەزىرلىرى - ئەزىل - مۇلك، مۇۋائىدۇل - مۇلك ۋە فەخرۇل
- مۇلك ئىدى. ياساۋۇللىرى - قەماج تەئايىز ۋە جەلىب ئىدى.

6

## سۇلتان مەھمۇد

(1118-1105)

مەھمۇد بىننى مەلىك شاھ بىننى ئالپ ئارسلان بىننى جەئىنەربەگ (چاغرىبەگ) بىننى مىكائىل بىننى سەلچۇق. يەنە سۇلتان مەھمۇد (53) پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئادالەت ۋە راستلىق بىلەن بېزەلگەن؛ دىن - دىيانەت بىلەن ئىش قىلغۇچى كىشى ئىدى. ئۇ ئاقىل، دانا ۋە دانىشمەنلەر بىلەن بىرگە ئادالەت ۋە راستچىللىق دەرىخىنى كامالغا يەتكۈزۈپ، بىدئەتچىلەر يىلتىزىنى ئۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھاد كۆرسەتتى. ئىسلام ئۇرۇقى مۇھاپىزىتىدە كۆچ كۆرسىتىپ، دىن يولىدىكى كۆپۈرلۈك ۋە يارىماسلىقلارنى يوق قىلاتتى. ھەركىم ئىسپاھاندىكى بەدەر تېغىنى كۆرسە، بۇ پادىشاھنىڭ بىدئەتچىلەرنى نابۇت قىلىپ، ئۇ قەلئەنى ئىشغال قىلىش جەريانىدا قانچىلىك رەنجلەر تارتىپ ۋە قانچىلىك مۇشەققەتلەر كۆرگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ دىيارنى ئىشغال قىلىغان بولسا، ئىباندىن بوي (ھىند)، ئىسلامدىن بىرەر تال موي قالماس ئىدى. تاكى ئۇ مۇنكىرلار (تانغۇچىلار، ئىنكار قىلغۇچىلار) سەددىنى (سېپىلىنى) مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن ئېلىۋەتكىچە، يەتتە يىلدىن كۆپرەك ئارام ئالمىدى. كىمكى بىدئەت، كۆپۈرلۈك چىرىقىنى ياندۇرسا، تا ئۇنى نابۇت قىلمىغۇچە تىنماس ئىدى. كۆپۈرلۈكنى تەرغىپ قىلغۇچىلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتار ئىدى. ئۇ ئاۋۋال باغداتتا پادىشاھ بولغانىدى. ئۇنىڭ شان - شەۋكىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى بەركىيارۇقتىن زىيادە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا مەدەت ئاسماندىن، نۇسرەت ئاللادىن كېلەتتى.

قىسسە: سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ سىدقى ۋە ئاياز ئاتلىق بەندەزادىسى (قۇلدىن تۇغۇلغان پەرزەنتى) ھېسابسىز لەشكەر يىغىپ، سۇلتان مەھمۇدقا قارشى باش كۆتۈرۈپ چىقتانىدى. مەھمۇد ئۇلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ چاغدا ئاسماندا بىرىبارچە قارا بۇلۇت نامايان بولدى ۋە بۇلۇت ئارىسىدىن بىر ئەجدىھا شەكلى ئايان بولۇپ، ئاغزىدىن ئوتلار چېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەيۋەتتىن بۇلارغا (سىدقى ۋە ئايازغا) قورقۇنچ ۋە قىيامەت چۈشتى. ھەممىسى نېمە قىلارنى بىلمەي قېلىشتى. سىدقى ئۆلدى. سۇلتان ئايازنى تۇتۇپ سىياسەتكە بۇيرۇدى. سىدقىنىڭ بېشىنى كېسىپ سۇلتان سەنجەر (54) گە ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتلاردا سۇلتان مەھمۇد بىلەن بەركىيارۇقنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئىختىلاپ بار ئىدى.

بىدئەتچىلەرنىڭ ھەر شەھەردىكى سەردارلىرى ئايرىۋېتىلگەنىدى. ئابدۇل - مۇلك ئەتاش ئاتلىق بىر دانىشمەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى دايىم ياخشىلىققا نىسبەت قىلاتتى. ئاخىر ئۇنىڭغا بىدئەتچى دېيىلىپ، ئىسپاھاننىڭ ئىمامى قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېچىپ رەيگە باردى ۋە ئۇ يەردە ياخشىلىق ۋە كاتىپلىق بىلەن شۆھرەت تاپتى. كېيىن دېگەندەك ئۇنىڭ بىدئەتچىلەرگە قارىتا دوستلۇق مەزمۇنىدىكى بىر نامىسى تېپىلدى. ئۇنىڭ ئەھمەد ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ مەزھىبى ۋە ئەقىدىسىنى ئىنكار قىلاتتى. ئانىسى ھەم ئۇنىڭدىن بىزار بولغانىدى. قاچانكى، ئاتىسى قاچقاندىن ئېتىبارەن، ئۇنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلىشمىدى.

* * *

سۇلتان مەلىك شاھنىڭ تاغ ئۈستىدە بىر قەلئەسى بار ئىدى، بارلىق پۇل - مال، خەزىنە، قورال - ياراق شۇ يەردە ئىدى.

مىتىنچىلار (ئاتاش يۈپۈنغۇچىلار) دىن بىر قىسمى شۇ قەلئەگە كۆزەتچى ئىدى. ئەھمەد ئۇ قەلئەدە مەكتەپدار (ئوقۇتقۇچى) بولۇپ، قەلئەنى ماكان تۇتتى ۋە ھەر قېتىم شەھەرگە سودا ئۈچۈن كېلىپ، مىتىنچىلار بىلەن خىلۋەتتە تېپىشىپ، ئۇلارنى بىدئەتچىلەر مەزھىبىگە دەۋەت قىلاتتى. تا ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. ئەھمەد قەلئەگە ھاكىم بولدى. بارلىق مىتىنچى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. ئاندىن ئۇلار قەلئەنىڭ سىرتىغا بىر ئۆي بىنا قىلدى، خەلقلەر يىغىلىپ ھەر كېچىسى شەھەردىن بۇ يەرگە كېلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ تەرغىباتىنى قوبۇل قىلاتتى. بىدئەتچىلەر بولسا، توختىماستىن مەزھەب مەقسىدىنى ئۇلارغا ئاغزاكى يەتكۈزەتتى. شۇ تەرىقە بىلەن تا ھەر مەھەللە ۋە ھەر قەۋمدىن جەمئى ئوتتۇزمىڭ كىشى ئۇلارغا تەۋە بولدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى كۆرسىلا ئۆلتۈرەتتى. ئەھمەدنىڭ ئادەملىرى ئىچىدە ئەلەۋىي مەدنى ئاتلىق بىر قارىغۇ (ئەما) ئادەم بار ئىدى. ئۇ ھەر ئاخشىمى قاراڭغۇدا ھاسىسىغا تايىنىپ يول يۈرەتتى. ئەھمەد مۇسۇلمانلارغا:

«ھەركىم بۇ قارىغۇنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويسا، ھەقتائالا شۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى خالاس قىلىدۇ» دەيتتى. قارىغۇ كىشى ئۇزاق تاركوچىدىن ئۆتەتتى. ئۆيى كوچىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئىدى. ھويلىسىدا بىر قۇدۇق بار ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇ قارىغۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش بىلەن مىتىنچىلار پەيدا بولۇپ، قارىغۇ ئېلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى قۇدۇققا تاشلايتتى. تا تۆت - بەش ئاي مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ھېسابسىز خەلق شەھەردىن ئۈن - تىنسىز يوقالدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈك-تىرىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. دەرۋەقە بىر كۈنى بىر بىچارە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ قارىغۇنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قالدى ۋە ھويلىدىن چىققان نالە - پەريادنى ئاڭلاپ:

«خۇدايىم ئاغرىنچىلارغا شىپالىق بەرگەي!» دەپ تۇرۇشىغا،

ھويلىدىكى بىدئەتچىلەر بۇ بىچارىنى بىلىپ قالغان، ئوخشايدۇ دەپ تۇتماققا قەست قىلغانىدى. ئۇ بىچارە قورققىنىدىن قېچىپ كوچىغا چىقتى ۋە:

« پالانى ئۆيدىن نالە - پەرياد ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدىم، ئۇ ئۆيدىكىلەر مېنى تۇتماقچى بولدى. مەن قاچتىم» دەپ جار سالدى. يوقالغان ئادەملەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە قەبىلىسىدىكىلەر ھازىر ئىدى. ھەممىسى يىغىلىپ ئۇ يەرگە باردى ۋە قارىغۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىزدەپ يۈرۈپ ئۆينىڭ بىر بۇچۇقىدىن يول تاپتى. ئۇ يول بىلەن قۇدۇقتا چۈشتى. قارىسا، ئۈچ - تۆت يۈز ئادەم بۇ يەردە يېتىپتۇ. بەزىسى ئۆلۈك، بەزىسى تىرىك ۋە بەزىسىنىڭ قول - پۇتلىرى باغلاقلىق ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ كىشىلەر غۇلغۇلا قوزغاشتى. پۈتكۈل شەھەر خەلقى ئۇ يەرگە يىغىلدى. ھەركىم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى شۇ يەردىن ئىزدەپ تاپتى. شەھەردە پەرياد - پىغانلار كۆتۈرۈلدى. شەھەر خەلقى ھېلىقى ئەلەۋىي (قارىغۇ) نى پۇتلىرى بىلەن قوشۇپ تۇتتى ۋە خوتۇنى بىلەن بىرگە بازاردا كۆيدۈردى. ھەمراھلىرى قېچىپ كەتتى.

* * *

سۇلتان مەھمۇد سىدقى ۋە ئاياز بىلەن بولغان جەڭدىن غەلىبىلىك قايتىپ ئىسپاھانغا كەلدى. بۇ چاغدا بىدئەتچىلەرنىڭ ئىشى بېسىلىپ قوي بولغانىدى. قەلئەدە بولسا، يەتتە يىللىق زەخىرە (زاپاس نەرسىلەر، پۇل - مال) يىغىلغانىدى. سۇلتان لەشكەرلىرى، ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە خالايىقنىڭ مەدىتى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ قەلئەنى ئالماقچى بولدى.

سۇلتاننىڭ سەئدۇل - مۇلك ئەبى ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار

ئىدى. ئىسپاھان ئىمامى سۇلتانغا ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىدئەتچى دەپ نورغۇن قېتىم ئەرز قىلغانىدى. ئەمما سۇلتان بۇ سۆزلەرگە ئېتىبار قىلمىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى ئىشىنەتتى. ئۇ خاۋارىج ھېكمەت ئىلمىنى بىلەتتى. شۇڭا ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا پىنھان (يوشۇرۇن، مەخپىي) قالمىغانىدى. ئەھمەد سەئىدۇل-مۈلككە:

«بىزنىڭ قەلئەيىمىزدە پۇل-مال يەتكۈچە بار. ئادەملىرىمىز ھەم ئىنتىپاق. خالايمىزكى، بۇ قەلئەنى بەرمىسەك» دەپ كىشى ئەۋەتتى. سەئىدۇل - مۈلك بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەھمەدكە:

«بىر ھەپتە سەبىر قىلغىن. مەن بۇ ئىشتا تەدبىر قىلاي» دەپ جاۋاب قىلىپ ماڭدۇردى.

سۇلتان خۇن (سەپرا) مىجەز ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر ئايدا بىر نۆۋەت قان ئالدۇراتتى. سەئىدۇل-مۈلك بىر نەشتەرنى زەھەر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ:

«سۇلتاندىن مۇشۇ نەشتەردە قان ئالغىن» دەپ مىڭ دىنار بىلەن تېۋىپقا بەردى.

ھاجىپ خاجە ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ سەئىدۇل - مۈلكنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ كىشى بۇ مىكىرنى ئايالىغا بايان قىلدى. ئايالىنىڭ ئازات قىلىنغان بىر چۆرە قۇلى بار ئىدى. ئۇلار خىلۋەتتە سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا چۆرە ئاڭلاپ بۇ ۋەقەنى سەدرىددىنگە يەتكۈزدى. سەدرىددىن ھېچبىر تەخىر قىلماستىنلا، شۇ كېچىسى سۇلتاننىڭ چېدىرىغا بېرىپ مەخپىي ھالدا بۇ ئەھۋالنى سۇلتانغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئەتىسى قەستەن كېسەل بولىۋالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن تېۋىپنى چاقىرتتى. تېۋىپ سۇلتاننىڭ بىلىكىنى تېڭىپ نەشتەرنى چىقاردى. سۇلتان ھەيۋەت بىلەن قارىغانىدى، تېۋىپ دەرھال:

«ئەي پادىشاھى ئالەم، جېنىمغا ئامانلىق تىلە. راستلىقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇبھىلەنمە» دېدى. سۇلتان قان ئېلىشنى بۇيرۇدى. تېۋىپ نەشتەر سالغانىدى، سۇلتاننىڭ بەدىنى شۇ ھامان قارىداشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان سەئىدۇل-مۈلكنىڭ غەيرى دىندا ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى. بىراق، كېچىككەنىدى. شۇ سائەت جان بەردى. ئەتىسى سۇلتاننىڭ كىشىلىرى سەئىدۇل - مۈلك بىلەن تېۋىپنى تۇتۇپ دارغا ئاستى ۋە ئىككى كۈندىن كېيىن قەلئەنى ئىگىلەپ، ئەھمەد ئەتاشنى تۇتتۇن قىلىپ، قول-ئايىغىنى باغلاپ، تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئالدىدا دۇمباق ناغرا چالدۇرۇپ، نەغمە-ناۋا قىلدۇرۇپ كوچىلاردا سازايى قىلدى. پۈتكۈل ئىسپاھان خەلقى تاماشاغا چىقتى. شۇ ئەسنادا ئارىدىن بىر كىشى:

«ئەي ئەھمەد، ئىلىم-ھېكمەتتىن لاپ ئۇراتتىڭ. ھېكمەت كىتابلىرىدىن تەلىيىڭنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟» دەپ سورىغانىدى. ئەھمەد:

«تەلىيىمنى ھېكمەت ئارقىلىق شۇنداق كۆرگەنمەنكى، ئىسپاھاندا ھېچ پادىشاھ كۆرمىگەن ئۇلۇغلۇقنى مەن كۆرگەيمەن. ئەمما، بۇ تەرىقە بولىماقنى كۆرمىگەنىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. خەلق ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ تىكەن، ئەخلەت - چاۋىلارنى تاشلاپ كۆيدۈر-دى. قەلئەنى ۋەيران قىلدى. قەلئە ۋەيران بولۇش بىلەن تەڭ، بىدئەتچىلەر ھېچبىر ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.....

قىسسە: سۇلتان مەھمۇد يامان ئىشلاردىن قورقىدىغان، ئادىل پادىشاھ ئىدى. ئەمما زەخىرە (مال - دۇنيا) ۋە خەزىنە يىغىشقا ئامراق ئىدى.

سۇلتاننىڭ خاجە سەييادىل-مۈلك بىننى ئەھمەد ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ نىزامۇل-مۈلك ئەمىر سەيىد ھاشىمغا قەست قىلىپ يۈرەتتى. ھەمدان رەئىسى ئەلائىددىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بەش يۈزمىڭ دىنار ئېلىش بەدىلىگە سەيىد ھاشىمنىڭ

پايدىلىنىپ، بەش يۈزمىڭ دىنار ئېلىش بەدىلىگە سەيد ھاشىمنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولدى ۋە ھەممىدانىغا كىشى بارماستا سەيد ھاشىمنىڭ ئوغلىنى تۇتتى. بۇ خەۋەر سەيد ھاشىمغا يەتتى. ئۇ سۇلتاننىڭ خىزمەتچىلىرىدىن لالا فەرامەكىن ئاتلىق بىر ئادەمگە ئون مىڭ دىنار بېرىپ:

« بۇ دىنارنى ئالغىن. مېنى بۇ كېچە سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ بارغىن» دېدى. لالا فەرامەكىن مۇنچە كۆپ دىنارنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ھەيران بولۇپ:

« بۇ دىنارنى سۇلتانغا بېرىمىزمۇ؟» دېدى. سەيد ھاشىم خىزمەتچىگە:

« ياق، بۇ ساڭا تەئەللۇق» دېدى. لالا دوستلۇقنى ئىپادىلىدى ۋە ھېسابسىز شاد بولۇپ، سەيدنى دەرھال سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ باردى. سەيد سۇلتانغا دۇئا قىلىپ، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان مەرۋايىتنى چىقىرىپ سۇلتاننىڭ ئالدىدا قويدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

« خاجە ئەھمەد ئۇزۇن زامانلار بولدى ماڭا ۋە ئۆي - بىساتىمغا قەست قىلىپ يۈرۈيدۇ. ئەمدىلىكتە ئاڭلىسام، بىر ئوغلۇمنى بەش يۈزمىڭ دىنارغا سېتىۋاپتۇ. تەڭرىتائالانىڭ دەرگاھىدا پەيغەمبەر ئەۋلادىنى باشقىلارنىڭ سېتىشى راۋا بولامدۇ؟ مەن سەككىز يۈزمىڭ دىنار بەرسەم، ئوغلۇمنى قويۇپ بەرسە» دەپ ئىلتىباس قىلدى. سۇلتان مالنىڭ يۈزىدىن ۋەزىرنى رىئايە قىلماي، سەيد ھاشىمنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. سەيد تازىم بىجا كەلتۈرۈپ ياندى. سۇلتاننىڭ خەزىنىچىسى سەيد ۋەدە قىلغان دىنارنى ئالغىلى سەيدنىڭ ئارقىسىدىن ھەممىدانىغا كېلىپ سەيدنىڭ سارىيىغا چۈشكەنىدى، سەيد خەزىنىچىگە:

« سېنىڭ مەنزىلىڭ كارۋان سارىيىدۇر. ساڭا نېمە لازىم

بولسا، شۇ يەرگە ئەۋەتىپ بېرىمەن. سەن پەقەت ئالتۇنلارنى ئالدىغان چاغدىلا كەلسەڭ بولىدۇ» دېدى. خەزىنىچى قوپال سۆزلىگەندى، سەيد:

«ئەدەب بىلەن بولغىن. بولمىسا، بۇيرۇق قىلساڭلا، ئادەملىرىم شۇ سائەت بېشىڭنى كېسىپ دارغا ئاسىدۇ. خۇن ھەققىڭ ئۈچۈن يۈزمىڭ دىنار بېرىپ قۇتۇلىمەن» دېگەندى، ئۇ ئادەم كەتتى. شۇنداق قىلىپ سەيد بىر ھەپتە ئىچىدە ھېچبىر قىينالمايلا، سەككىز يۈزمىڭ دىنار تەييار قىلدى. ئاندىن نەچچە پارچە ياغاچ كەلتۈرۈپ، ئىچىنى ئويۇپ ساندۇق ياساتتى. تا سەكسەن پارە ساندۇق تەييار بولدى. ھەر ئون مىڭ دىنارنى بىر ھەميانغا قاچىلاپ ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنى تۆمۈر بىلەن بەند قىلىپ، (مىتلاپ) ھەر ئىككى ساندۇقنى بىر تۆگىگە يۈكلەپ تەخ قىلدى. تا قىرىق تۆگىگە كەلدى. ئاندىن بۇ يۈكلەرنى خەزىنىچىگە تاپشۇرۇپ يولغا سالدى. ئۇنىڭغا بىرەر دىنارمۇ بەرمىدى. خەزىنىچى بىر ئاي دېگەندە دىنارلارنى ئىسپاھانغا يەتكۈزۈپ سۇلتاننىڭ ئالدىدا قويدى. سۇلتان بۇ دىنارلارنى كۆرۈپ:

«مۇنچە كۆپ مالنى قانداق قىلىپ مۇنداق پات يۈرمەستىن كەلتۈرەلىدىڭ؟»، - دەپ سورىدى. خەزىنىچى:

- تېخى بۇ دىنارلارنى ساناپ تۆگىلەرگە يۈكلەپ بولغىچە كېچىكىپ كەتتى. ئەگەر پېتىرنى يەنە بۇيرۇسىلا، بۇنىڭدىن زىيادە كەلتۈرۈمەن، - دېگەندى، سۇلتان تەئەججۇپلىنىپ قالدى ۋە خاجە زىياۋۇددىن ئەھمەدنى سەيد ھاشىمغا تۇتۇپ بېرىپ ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىگە كەلدى.

خاجە زىياۋۇددىن ئەھمەد باشقىلارغا قەست قىلغانىدى. قەستكە ئۆزى گىرىپتار بولدى. بۇنىڭغا ئەرەبلەردىكى مۇنۇ ماقال مەسەل بولالايدۇ:

«ئىرانىيلار مال ئۈچۈن ئاھانەتكە قالۇر» . ۋەللاھۇ ئەئلەم[ح] (تەڭرى بىلگۈچىدۇر) .

*   *   *

بايان قىلىنىشىچە، سۇلتان مەھمۇد (سۇلتان مەھمۇد تاپار) تارىخنىڭ تۆت يۈز يەتمىش تۆتى توغۇلغانىدى. ئۇن ئۈچ يىل پادىشاھ بولدى. ئوتتۇز يەتتە يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ بويى ئېگىز، قامەتلىك، تېتىك كىشى بولۇپ، ساقىلى ئۇزۇن، قويۇق ۋە قارا ئىدى. ۋەزىرلىرى - مۇئەييەدۇل-مۈلك، ئەبۇ بەكر بىننى نىزامۇل - مۈلك، فەخرۇل - مۈلك، ئەبۇ مەنسۇر، مۇھەممەد بىننى ھۇسەيىن بىننى ئەھمەد سەئىدۇل - مۈلك، سەئىد بىننى ئەلى ئىبنى زىيائۇل-مۈلك، ئەبۇ نەسر بىننى ئەھمەد بىننى نىزامۇل-مۈلك ۋە زىيىنەبۇدۇللاھ ئەبۇ مەنسۇر قىيرانىي؛ ياساۋۇلى ئەلىيار ئىدى.

7

# سۇلتان مۇئىزىددىن سەنجەر

(1157 - 1118)

سۇلتان سەنجەر بىننى مەلىك شاھ بىننى ئالىپ ئارسلان بىننى جەئفەربەگ (ئاتاق نامى - سۇلتان ئەل - ئەئزەم مۇئىزىددىن ۋە ئەددۇنيا، لەكەبى ئەبۇل - ھارىس) پادىشاھ ئىدى. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، راھەت - پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرگەن، چوڭ - چوڭ شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغان، ھەر قىتىم ئارزۇسى بويىچە زەپەر قۇچقان، جاھاندارلىق تەرىقىسىنى ۋە پادىشاھلىق قائىدىسىنى ياخشى بىلىدىغان كىشى ئىدى. گەرچە ئۇ ئۆزگە ئىشلاردا ساددا بولسىمۇ ئەمما تەدبىرى توغرا، نىيىتى دۇرۇست ئىدى. ئۇ ئاۋۋال بۇرادىرى بەركىيارۇق تەرىپىدىن خوراساندا پادىشاھ بولغانىدى. ئون توققۇز شەھەرنى قىرىق يىلغا يېقىن ئىدارە قىلدى. شۇ جەرياندا ئۇ قورققۇدەك ۋە شىكەست تاپقۇدەك ھېچبىر ۋەقە سادىر بولمىدى. غەزنەيىنكە سەلجۇقلاردىن ھېچكىم چېقىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئەمەس ئىدى. ئۇ مەھمۇدنىڭ ئەۋلادىدىن بەھرام شاھ (55)نى پادىشاھ قىلىپ، خوراسانغا ھەر كۈنى مىڭ دىنار يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئالدى بىلەن قارار قىلدى. ھەمدە ئۇ يەرگە ئۆز ئەۋلادىدىن بىر ھاكىم قويدى.

بەركىيارۇق ئۆلگەندىن كېيىن سەمەرقەندنى ئەھمەدخان ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىۋالغانىدى. تارىخنىڭ بەش يۈز يىگىرمە تۆتى سۇلتان سەنجەر سەمەرقەندنى ئېلىپ، ئەھمەدخاننى ئەسىر قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇرغۇنلىغان ۋىلايەتلەر ئاتىسىنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ھەممىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. يەنە سىيستان (كىرمان بىلەن خوراسان ئارىسىدا) ۋە خارەزمنى ئىشغال قىلىپ، خارەزمگە يېتىلىرىدىن نوشتېكىن غورجەنى قويدى. تاجىسىدىن ئەمرى ئەبۇلغازىلغا زابلىستاننى بەردى. ئۇ جەڭلەردە كارامەت پالۋان ئىدى.

تارىختا بەش يۈز ئون بىر ئىدى. سۇلتان سەنجەر بۇرادىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئىراققا كەلدى. بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇد تەملىك (مۇلۇك قىلىپ بېرىلگەن) تەختىدە ئىدى. ئۇ ئۇمەرالىرىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن تاغىسىنىڭ ئالدىغا جەڭگە چىقتى. بىراق بىتسكەست يەپ ئىسپاھانغا كەتتى. سۇلتان سەنجەر ئىراقنى مەھمۇدنىڭ ھاكىمى ئەلى ئايازغا بىرىپ رەيگە باردى. بۇ چاغدا مەھمۇد ئاتالىقى ئەبۇلقاسىم ئەسبادى بىلەن بىللە سۇلتان سەنجەر قېشىغا ئەۋەتتى. بۇلار بېرىپ سۇلتانغا:

« بۇ قېتىمقى ئىش كىچىكلىكتىن بولدى. ئەمدى ئۇ كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، ئالدىلىرىدا پىيادە يۈگۈرۈپ، چېدىرلىرىنىڭ بوسۇغىسىغا ئويۇپ، گۇناھىنى بويۇنىشنى ئىلتىماس قىلىمىز » دەپ يېلىنغاندى، سۇلتان قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېلىپ بىر ئاي پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولدى. سۇلتان گۇناھىدىن ئۆتۈپ، يەنە ئىراققا پادىشاھ قىلىپ، قىزى مەھمەلىكنى (مەملىك شاھ خاتۇننى) ئۇنىڭغا جۈپ قىلىپ كىيىم - كېچەك، پادىشاھانە ئاياغ ۋە قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزەلگەن تاج بەردى. ئات ۋە پىللارنى توقۇپ، يويۇقلىرىنى جاۋاھىرلار بىلەن بېزەپ مېھرىبانچىلىق كۆرسەتتى. ئۇمەرالىرىغا ھەم ئۆز دەرىجىسىگە بېقىپ ئىنئاملار قىلىپ، ھەر قايسى شەھەر ۋە پايتەختنى؛ ئىراقنىڭ نەچچە كەنتنى ئۇنىڭغا خاس (ئايرىم) قىلىپ ياندۇردى. ئەمەلدار ۋە ناۋاب قىلغۇچىلارنىڭ ئايىتى ئۈزۈلمەس ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە

خوي، رەي ۋە سادە شەھەرىنى خاس قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ شۇ تەۋەلىكى بويىچە بارلىق پادىشاھلارنىڭ شاھى بولغانىدى. ئۇنىڭ نامىغا كاشغەر (قەشقەر) زېمىنىدىن تا يەمەن مەملىكىتىگىچە، ھەتتا مەككە، تايىف، ئومان، مۇنكران ۋە ئەزەربەيجان تاكى رۇم ۋە بۇلغارغىچە خۇتبە ئوقۇيتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ھەم ئۇنىڭ نامىغا بىر يىلدىن زىيادىرەك خۇتبە ئوقۇشقانىدى. ئۇ ئۆلىمالارغا بىغايەت ئېھتىرام، زاھىدلارۋە ياخشىلارغا بىنىھايەت ئىكرام قىلاتتى. دائىم ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، زاھىدلار بىلەن خىلۋەتنى ئىختىيار قىلاتتى. زىننەت ۋە بېزەك ئۈچۈن بېرىلمەيتتى. دائىم تەلىيەك كىيىپ، ئاددى - ساددا كىيىم كىيىشنى ئىختىيار قىلاتتى. ئەمما ھەمىشە تەختتە ئولتۇراتتى. پادىشاھلارنىڭ ياخشى خىسلىتىنى ئۆزىدىن يات قىلمايتتى. ئۇنىڭ دەۋرىدە خوراسان مەملىكىتى ئىختىساتچىللىق بىلەن ئىدارە قىلىنغاچقا ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتە يۈكسىلىپ، بارلىق ئالىملار ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ھەممە مەملىكەت بويسۇنغان: مەشرىقتىن مەغرىبكىچە ھۆكۈمى جارى ۋە ئەمرى ئۆتىدىغان بولغانىدى. ئەمما ماۋەرائۇننەھر ۋىلايىتىدىكى ئۇمەرا ۋە بېشى كىشىلىرى نانكورلۇق (بىكار تەلەپلىك) قىلىپ ھەددىدىن ئېشىپ، پۇقرالارغا زۇلۇم ۋە ستەم قىلاتتى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ زۇلۇمىدىن خاتىرجەم بولالمايتتى. يەنە بىدئەتچىلەر ئىسلام شەھەرلىرىگە قەست قىلىپ يۈرەتتى.....

تارىختا بەش يۈز ئوتتۇز بەش ئىدى. سۇلتان مەرۋىدىن سەمەرقەندكە كەلدى ۋە ئۇ يەردىن لەشكەر تارتىپ ماۋەرائۇننەھر-گە كەلدى.

ماۋەرائۇننەھر ۋىلايىتى خوراسان لەشكەرلىرىنىڭ ئايىقىدا نالە ۋە تەڭلىككە قالغان: ئىراق خەلقى ئۇلاردىن تەكرار - تەكرار قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان ۋە ئۇلار تۆپىلى تارقىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى ئۆلۈمگە كۆز تىكىپ، ھەر تەرەپتىن لەشكەر يىغىپ كىشى ئەۋەتتى. بەس، لەشكەرلەرنىڭ دەستىغا: «جاھاندا ھېچكىم بىزگە تەڭ ۋە باراۋەر ئەمەستۇر» دېگەن خىيال ۋە تەسەۋۋۇر چۈشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يۈز مىڭ لەشكەر مۆلچەرلىدى ۋە چوڭچىلىق بىلەن ئۆزلىرىگە تەمەننا قىلىشاتتى. ئەمما قىتاي لەشكىرى قوم - تۇپراقتىن تولا ئىدى. ئۇلارغا يۈزلەندى. يەنە قىرىق ئۈچ مىڭ ئاتلىق ئىراق لەشكىرى ئارقىدىن كەلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن خوراسان لەشكەرلىرىگە قورقۇنچ غالىپ كەلدى. ئاخىر جەڭ قىلىشتى. ئۇمەرا، ئەھلى مەنسەپ ۋە بارلىق لەشكەردىن ئوتتۇز مىڭ كىشى شېھىت بولدى. سۇلتاننىڭ ئارقىسىدا مىڭ، ئالدىدا توققۇز مىڭ كىشى بار ئىدى. تاجىددىن ئەبۇلفازىل كېلىپ:

ئەي پادىشاھى ئالەم، ئەمدى قورقۇش ۋە جىم تۇتۇشنىڭ ئورنى قالمىدى، - دېدى. سۇلتان ئوتتۇز چەۋەندار بىلەن باياۋانغا يۈزلەندى ۋە تۈركلەردىن بىر نەچچە يول باشلىغۇچى ئېلىپ بەلخكە كېلىپ، تىرمىز (ھازىرقى سىر دەريانىڭ شىمالىدىكى شەھەر) نىڭ قورغىنىغا كىردى. قالغان لەشكەر مىڭ يەردە يېتىپ ئۆلگەنلەرگە تەزىيە تۇتتى. تەڭدىشى يوق شائىرلار بۇ ۋەقەنى مۇنۇ بېيىت بىلەن بايان قىلغاندۇر. نەزم:

ئاباد جەھان قالدى بىزنىڭ شەھا،
قىرىق يىلغىچە تىغىڭ ئالدى كىن ئەئدا.
گەر ساڭا كۆز تەگدى قەزادىن -
بىر ھالدا تۇرماقلىق ئېرۇر خاس خۇدا.

تاجىددىن ئەبۇلغازىل سۇلتاننىڭ ئورنىدا چۈش ۋاقتىغىچە توختاپ

توختاپ جەڭ قىلدى. پالۋانلىرى شۇنداق پالۋانلىق كۆرسەتتىكى، بىدئەتچىلەر ھەيران قالدى. ئاخىر تاجىددىن ئەبۇلغازىلنى تۇتۇپ خاقان ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ قىتايدا بىر يىل تۇردى. خاتۇنى ھەم بىللە ئىدى. ئۇلارغا ياخشى خەۋەر يار بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن ئازات قىلىنىپ، ئىككىسى بىرلىكتە سۇلتان قېشىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا خارەزم شاھى مەرۋ ۋە تامۇرنى تالان - تاراج قىلىپ. خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى غەنىيمەت ئالغاندى.

بىر يىلدىن كېيىن سۇلتانغا يەنە نۇسرەت يۈزلەندى. ئەتراپ - ئۆپچۆرىدىن خىراج ۋە ھەدىيىلەر كەلدى. مەملىكەت يەنە بەرقارار بولدى. يەنە يىلدىن كېيىن سۇلتان رەيگە كەلدى. بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇد باغدات يولىدىن يېنىپ خۇراسانغا كەلگەن: سۇلتان بەھرام شاھ غەزنەيندىن ئەلچىلەر ئارقىلىق ھەدىيە ( سوۋغا - سالام ) ئەۋەتكەندى. ئەلچىلەرگە سۇلتان ھوزۇرىدا بەزمە تۈزۈپ بېرىشتى. بۇ ھەقتە مەشھۇر شائىرلار يەنە مۇنداق رۇبائى ئېيتىشقان. نەزم:

ھەركىمكى سېنىڭ خىزمەتىڭگە قىلدى دىبھاق (1)،
دەرگاھىڭگە تويدى باشىن ئۇلۇپ مۇشتاق (2).
سەندىن يىراق ئۇلدى سام، شامى ئۆلدى،
كەلدى باشىن ئالىپ ئاخىر ئول سۈبىي ئىراق.

(1) (دىبھاق - تولۇپ تاشتان قىزغىنلىق).
(2) (مۇشتاق - ئۈمىدۋارلىق، ئىشەنچ).

(سام دەپ - سوزنىڭ بۇرادىرى مەلىك غورنى ئاتايدۇ).
سۇلتان مەسئۇد بىلەن يىگىدىن ئەھد تۈزۈشنى ۋە رەيدە ئون

ئالتە كۈن تۇرۇپ، ئىراق ئۆمەرالىرىغا سەرۇپايى بېرىپ [illegible]
ياندى. بىر يىلدىن كېيىن مەلىك غور سۇلتانغا قارشى باش كۆتۈرۈپ
چىقتى. ئەلى جەترى سۇلتاننىڭ ياساۋۇلى ئىدى. ئۇ ھىراتتا باش
كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەلى جەترىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى سۇلتانغا
قاتتىق تەگدى. چۈنكى سۇلتان ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە ھەمسۆھبەت
ۋە ھەمبەستەر (بىللە تۇرغۇچى، دوست، ھەمرا) ئىدى.

سۇلتان مەرۋى چېگرىسىغا كەلگەنىدى، مەلىك غور پىيادە ۋە
ئاتلىق ھېسابسىز لەشكەر بىلەن ئالدىغا چىقتى ۋە قاتتىق جەڭ
قىلىشتى. ئاخىر نۇرغۇن بەدەل ئارقىلىق مەلىك غور بىلەن ئەلى
جەترىنى تۇتتى. ۋە ئەلى جەترىنى سۇلتاننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ
ئىككى پارە قىلىشتى. مەلىك غورنى بولسا، ئەسىر قىلىپ باللە ئېلىپ
يۈردى.

بۇ قېتىمقى غەلىبە بىلەن سۇلتاننىڭ (سۇلتان سەنجەرنىڭ)
ھەيۋىتى ئارتىپ، ھۆرمىتى كامالىغا يەتتى. مەملىكىتى ئابىتىدىن
گۈللەپ ياشنىدى.

سۇلتان مەسئۇد يېنىپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن تۈركمەندىن
غەززانىخان خىراجىغا قەست قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۇرار جايى
قىسنچىلىقتا قالغانىدى.

* * *

بەلخىتىن سۇلتاننىڭ شاھانە زىياپىتى ئۈچۈن ھەر يىلى يىگىرمە
مىڭ قوي كەلتۈرۈلەتتى. بۇ قويلارنى خان سالار (خان ئەسكەر
باشلىقى) مەسئۇل بولۇپ، كىشى ئەۋەتىپ ئالدۇراتتى. شۇ يىلى
خان سالار قويلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتكەنىدى. بىراق
رىدىگە كەلگەندە تۈركمەنلەر قويلارنى تۇختىتىپ، ھەددىدىن زىيادە

تەھدىت سىلىپ، قويلارنى تارتىۋىلىپ، بىھۇدە سۆزلەرنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قانچە كاتتا ھاكىملار بار ئىدى. ئۇلار مەنئى قىلىنغاندى، ئۆلتۈردى. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، خان سالارنىڭ كىشىلىرى ئۆز ۋاقتىدا كېلەلمىدى. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھالى مەلۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن سۇلتانغا ئېيتالماي شاھانە زىيابەت ئۈچۈن، خان سالار ئۆزى قوي چىقىرىپ بەردى.

ئەمىر ئەسئەد بەلادە قەماج ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ بەدلخىنىڭ ۋالىسى ئىدى. بۇ كىشى سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە-مەرۋىگە كەلگەندە، خان سالار بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى قەماچخانغا ئېيتتى. قەماج سۇلتانغا ئەرز قىلىپ:

«غەززانىلارنىڭ خورىكى ئۇسۇپ ناقۇلاي ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ ۋىلايەتكە يېقىن. ئەگەر قىزىللىرىغا پەرمان بولسا، ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ، ھەر يىلى شاھانە زىيابەت ئۈچۈن تۇتتۇزمىنىڭ قوي كەلتۈرسەم» دېدى. سۇلتان قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قەماج قايتىپ بېرىپ ئۇلارغا (غەززانىلارغا) كىشى ئەۋەتىپ قويلارنىڭ ھەققىنى تىلىگەندى، بەرمىدى ھەمدە ئۇلار:

«بىز سۇلتاننىڭ خاس پۇقراسىدۇرمىز. باشقىلارنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلمايمىز» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بۇ چاغدا قەماجخاننىڭ ئوغلى ئەلاۋۇددىن بىلەن لەشكەر ئېلىپ غەززانىلارغا قارشى جەڭگە باردى. غەززانىلار ھەم چىقىپ جەڭ قىلدى. نەتىجىدە قەماجخاننىڭ ئوغلى بىلەن ئەلاۋۇددىن-ھەر ئىككىلىسى ئۆلدى. بۇ ۋەقە سۇلتانغا يەتتى. ئۇمەرالار مەسلىھەت قىلىپ:

«ھېچكىم مۇنداق ئىشقا قەدەم قويمىغاندۇر. ئەگەر ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويمىساق، قارشىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى كىچىك چاغلىمايلى» دېيىشتى. بىراق سۇلتان مەسلىھەتكە قولاق

سالماي، ئۆزى بارماقچى بولدى. غەززانىلار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئەندىشىگە قالدى ۋە:

«بىز ھەمىشە ساڭا بەندە-پەرماندار ۋە ھەممىز پەرمانىڭغا، ئەمىرىڭگە جان-دىلىمىز بىلەن مىننەتداردۇرمىز. قەماجخان بىزنىڭ ئۆي - جاي ۋە مال - مۈلكىمىزگە قەست قىلدى. ئامالسىز ئەھلى ئاياللىمىز ۋە ئۆي - جايىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەنلىشىپ قالدۇق. ئەمما بىز ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قەست بىلەن ئۆلتۈرمىدۇق. ئەگەر پادىشاھى ئالەم گۇناھىمىزدىن ئۆتسە، يۈز مىڭ دىنار ۋە يۈز غۇلام بەرسەك. بۇلارنى پادىشاھ نىمە قىلسا، ئىختىيارىچە بولسۇن» دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. سۇلتان قوبۇل قىلدى. ئەمما ئۇمەرالار قەستەن قارشى تۇرۇشتا مايىل قىلىپ، سۇلتاننى ئۇلارنىڭ دىيارىغا يۈزلەندۈردى. ئاخىر سۇلتان لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يەتتە دەريادىن ئۆتۈپ، جاپالىق يوللار بىلەن يۈرۈپ غەززانىلارنىڭ جايىغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا غەززانىلار ئەھلى ئاياللىنى ئالدىغا سېلىپ نالە قىلىپ، يىغلىشىپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ھەر ئۆيدىن يەتتە پاتمان كۈمۈش چىقىرىپ بەرمەكچى بولۇشتى. سۇلتاننىڭ رەھمى كېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىننى تارتتى. ئەمما ئەمىر مۇئەييەد بوزۇرگ ۋە ئەمىر ئەجىمى ئۇمەرالارنىڭ سەردارى ئىدى. ئۇلار كېلىپ سۇلتاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىننى قايرىپ:

«قايتماق ياخشى ئەمەستۇر» دېدى. لەشكەرلەرنىڭ كۆپرەكى مۇئەييەدنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۇ جەڭگە تۇتۇندى. شۇنىڭ بىلەن غەززانىلار ئۈمىدسىزلىنىپ جېنى، ئۆي-جاي ۋە مال - مۈلكىنىڭ مۇھاپىزىتى ئۈچۈن تاقابىل تۇردى. نەتىجىدە بىر سائەتتەك جەڭ قىلىش جەريانىدا سۇلتان لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. غەززانىلار سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ھېسابسىز ئادەم دەريالارغا غەرق بولدى. ئاخىر بىر بۆلۈك

لەشكەر سۇلتاننى ئارىغا ئېلىپ مەرۋىگە يەتكۈزدى. سۇلتان ئۇ يەردە يەنە خىزمەتكار ۋە بىكارچىلارنى يىغىپ، لەشكەر تەشكىللەپ بىر ھەپتە جەڭ قىلدى. ئەمما ھەر كۈنى مەغلۇپ بولاتتى. شۇنداق قىلىپ غەززانىلار مەرۋىنى ئالدى. مەرۋى جەئىنەرنىڭ زامانىدىن بېرى پايتەخت ئىدى. خەزىنە ۋە دەپىنە ھېسابسىز ئىدى. ئۈچ كۈن تالان - تاراج قىلدى: بىرىنچى كۈنى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە يىپەكلەرنى؛ ئىككىنچى كۈنى مىس جابدۇق، تۆمۈر ئەسباب، ئۆي - جاھازىلارنى بۇلىدى؛ ئۈچىنچى كۈنى شەھەردە قاپاق-قاچا، ئەسكى يوتقان ۋە ئەسكى تەكىيلەردىن باشقا ھېچنەرسە قالمىدى.

غەززانىلارغا يەنە لەشكىرىگە ئۈچ باراۋەر كەلگۈدەك خوراسان باشباشتاقلىرى قوشۇلدى. ئاندىن ئۇلار نىشاپۇرغا كەلدى ۋە شۇ كۈنى قاتتىق جەڭ قىلىپ بىر توپ كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. ئەتىسى يەنە شەھەردە جەڭ قىلىپ قىيامەت پەيدا قىلدى. مىڭلىغان خەلق-خاتۇن ۋە باللار چوڭ مەسچىتنىڭ مەيدانىغا قاچتى. غەززانىلار تىغ تارتىپ ھېسابسىز خەلقنى ئۆلتۈردى. مەيداندا خەلق قانغا غەرق بولدى.

كېچە. مەسچىت بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ئۇنى « مەسچىتى مۇھتەرىز » دەپ ئاتايتتى. ئۇ شۇ قەدەر ئالىي مەسچىت ئىدىكى، بىر قېتىمدىلا ئىككى مىڭ كىشى ناماز ئۆتەيتتى. قۇببىلىرى ۋە تۈۋرۈكلىرىگە ياغ سۇرتۈلگەنىدى. ئۇ مەسچىتكە ھەم ئوت قويدى. ئوتنىڭ يورۇقىدا پۈتۈن شەھەر يورۇپ كەتكەنىدى. تا تاڭ ئاتقۇچە خەلقنى ئۆلتۈرۈپ تالان قىلدى ۋە ئەسىر ئالدى. نەچچە كۈن تالان - تاراج قىلىپ ئىشلەك، تام - تورۇس ۋە ھېچبىر ئىمارەتنى ساق قالدۇرماي، پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى. ئەسىرلەرنى قىيناپ، مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىپ ئۆلتۈرەتتى. بىر بۆلۈك كىشىلەر بولسا، كۈندۈزى قۇدۇقلارغا مۆكۈنۈپ، كېچىسى چىقىپ ھال ئېيتىشاتتى. غەززانىلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلقنى شۇ دەرىجىدە ئۆلتۈردىكى، ھېسابىنى چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس.

مۇھەممەد بىننى يەھيا ئىراق ۋە خوراسان ئىسمائىلىرىنىڭ پېشۋاسى، شۇنداقلا ھەممە ئالىملارنىڭ كاتتىسى ئىدى. ئابدۇرەھمان كافى ھەم بارلىق ياخشىلارنىڭ يېتەكچىسى ئىدى. ھەممىنى قىيناپ ئۆلتۈردى. كامى ۋە ھانى ئۇزۇن يىل شەرىئەت ئىلمى ۋە دىن تەتقىقاتى جەھەتتە نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇمۇ تۇپراقتا كۆمۈلدى.

قاچانكى، غەززانىلار كەتتى. ئەمما غەيرى مەزھەبلەرنىڭ ئۆي - جايلىرى قالغاندى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ھەر كېچىسى يىغىلىپ، غەيرىي مەزھەبلەرنىڭ مەھەللىسىگە ئوت قوياتتى. شۇ سەۋەبتىن شەھەر ھەيران بولۇپ خارابىلىققا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلار قەھەتچىلىك ۋە يۇقۇملۇققا دۇچ كەلدى. بەزى كىشىلەر يارلىق ۋە قىيناق زەخمىدىن جاراھەتلىنىپ ئۆلدى.

بەزى كاتتىلار خەلقنىڭ غۇۋغاسىدىن قېچىپ ئىگىرىراق، شەھەردىن چىقىپ كەتكەنىدى. قالغان زەئىپ ۋە ئاجىزلار ئۇلارنىڭ پاناھىغا يىغىلدى. ئاندىن كېيىن سۇلتاننىڭ ۋە ئۈمەرالارنىڭ سارىيىغا كىلىپ، ھەر تەرەپتىن قالدۇق خىش ۋە ياغاچلارنى يىغىپ قايتىدىن ياسىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن نىشاپۇر خەلقى جەم بولۇپ، شەھەرنى شۇنداق بېزىدىكى، ھېچ كىشى ئۆز مەھەللىسى ۋە سارىيىنى تونۇمىدى. شەھەر سىرتىدا، يېزا-قىشلاقلاردا مەدرىس ۋە ئومۇمنىڭ يەرلىرى بار ئىدى. ھەممىسى يايلاققا ئايلىنىپ تۈلكە ۋە ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ماكانى بولدى. ئەمىر مۇئىززى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ. نەزم:

ئانداكىم، ئۇل شاھى جەھان سىيىستاندا ئىردى كامران (1)،
كەرەگ (2) جۇغد ئەتتى مەكان، تۈلكى، بۇرى تۇتتى ۋەتەن.

ئەيىش تەرەپنىڭ ئامنى (3) ۋەھشىي قولانلار مەسكەنى (4) ،
نەغمە - ناۋالار ئورنىدا ئەۋاز ئېتەر زاغۇ زغەن (5) .
مۇنداغكى چەرخ نىلگۇن (6) قىلدى جەھاننى سەرنگۇن (7) ،
ئەمدى قاچان تاپقاي، سۆكۈن قىلغاي دىيار ئول يارمەن.

(1) (كامران - ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشىش، بەختلىك، ھاكىم، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى.)
(2) (كەرەگ - بىر تۈرلۈك قۇش.)
(3) (ئام - جاي، ئومۇمنىڭ جايى.)
(4) (مەسكەن - تۇرار جاي، ئورۇن.)
(5) (زاغۇزەغەن - قاغا - قۇزغۇن.)
(6) (چەرخ نىلگۇن - كۆك ئاسمان، پەلەك.)
(7) (سەرنگۇن - ئاستىن - ئۈستۈن.)

غەززانىلار شۇ تەرىقىدە خوراساننىڭ شەھەرلىرىنى خاراب قىلدى. ئەمما ھىرات مەھكەم ئىدى. ئۇنى ئالالمىدى.

سۇلتان سەنجەر ئىككى يىلغا يېقىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قالدى. دەرۋەقە، باغداتتا ۋەقە سادىر بولدى. ئۇ يەردە بەزى خىزمەتكارلار ۋە ئاتىستلار بار ئىدى. بىراق سۇلتان قېشىغا كېلەلمەيتتى. بۇلار غەززانىلارنىڭ بىر تايىپىنى ئالداپ ئۆزلىرىگە تارتىپ، سۇلتاندىن بىر مۇنچە مال - دۇنيا ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى، ئۇ تايىپە سۇلتان قېشىدا ئىدى. ئۇلار ئات بەيگىسى تاماشاسىغا چىقتى. بۇلار ئىلگىرى كېمە تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇلار ئات چاپتۇرۇپ تىرمىزنىڭ تۇغرىسىغا - جەيھۇن دەرياسىنىڭ لېۋىگە بېرىپ كېمىگە چۈشتى - دە، ئۇيانقا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇمەرائى ئارقىدىن بېرىپ سۇلتاننىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۈمىد ئۈزۈپ قايتىپ كەلدى. سۇلتان

www.uyghurkitap.com

سۇلتان سەنجەر، بولسا، تىرمىزغا كېلىپ چۈشتى. ئەتىراپ. ئۆپچۆرىدىن خوراسان لەشكەرلىرى يىغىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان (سۇلتان سەنجەر) قۇۋۋەت تېپىپ يەنە مەرۋىگە كەلدى ۋە سارىيىغا چۈشتى. ئارىدىن ئىككى-ئۈچ ئاي ئۆتتى. سۇلتاننىڭ كۆڭلىگە بارا-بارا ئۈمىدسىزلىك پىكرى چۈشۈشكە باشلىدى. چۈنكى خەزىنە قۇرۇق، ئىمارەتلەر ۋەيران، خەلق، پاراكەندا، لەشكەرلەر پەرىشان ئىدى. كۆڭلى ئەندىشە ۋە پەرىشانلىقتا زەئىپلىشىپ كېسەل بولۇپ، شۇ ئاغرىقانچە تارىخنىڭ بەش يۈز ئەللىك بىرى دۇنيادىن ئۆتتى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. (56) ئۇ تارىخنىڭ تۆت يۈز يەتمىش توققۇزى تۇغۇلغان بولۇپ، بۇغداي ئۆڭلۈك، بويى ئېگىز، ساقىلى ئوتتۇراھال، بۇرۇتى ئۇزۇن كىشى ئىدى. مۆھۈرىگە «ۋەللاھۇ ئەئلەم» (خۇدا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر) دېگەن سۆز ئويۇلۇق ئىدى. ئۇ يەتمىش ئالتە يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۆمرىدە يىگىرمە يىل خوراساندا ۋە قىرىق يىل پۈتكۈل ئالەمگە (سەلجۇقلار ئىگىلەپ تۇرغان جايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ). پادىشاھ بولدى. ۋەزىرلىرى - نىزامۇل - مۇلكنىڭ بۇرادىرى شاھابۇل - ئىسلام، ئەبۇلبۇجاس بىننى سەئىي، ئەلاجىل مۇشەرفىددىن ئەبۇ زاھىر ۋە بوغانبەگ كاتىپلىرى، مەئىنىددىن كاشى، قەۋامىددىن فەخرۇل - مۇلك، ئەبۇل مۇزەپپەر سەدرىددىن مۇھەممەد بىننى فەخرۇل - مۇلك، كەمالىددىن ئەلى بىننى ئەھمەد؛ ياساۋۇللىرى - ئەلى ھەسەن نىزامىددىن مەھمۇد كاشى، مۇلكىددىن ئەلى جەترى ئىدى.

## 8

### خاتىمە

سۇلتان سەنجەرنىڭ ياردەمچىسى ئەددۇنيا ۋەلىددىن مەھمۇد بىننى مۇھەممەد بىننى مەلىك شاھ بىننى ئالىپ ئالىپ ئارسلان - سۇلتان مەھمۇد (57) قاملاشقان، ياخشى خۇلقلۇق، خۇش مىجەز، خۇش ئاۋاز، خۇشخەت ۋە پەسىھ، يېقىملىق سۆزلۈك پادىشاھ ئىدى. سەلچۇق ئەۋلادى ئىچىدە ئۇنىڭدەك موللا ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك، نازۇك چىراي پادىشاھ ئۆتمىگەنىدى. ئۇ كەپتەرۋازلىققا ۋە ئىت بىلەن شىكار قىلىشقا مايىل ئىدى. بويىنىغا تۆت يۈز ئالتۇن ئېسىقلىق ئىتى بارئىدى. ئۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇردى.

تارىختا بەش يۈز يىگىرمە بىر ئىدى. تاغىسى سۇلتان سەنجەر ئىراققا كەلدى. سۇلتان مەھمۇد سەككىز ئايدىن كېيىن تاغىسى بىلەن جەڭ قىلىپ شىكەست تاپتى. ئەمما سۇلتان سەنجەر ئۇنى چىرلىتىپ كېلىپ، مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، قىزى مەلىكىنى بېرىپ ئىراققا پادىشاھ قىلدى. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن مەلىك خاتۇن ئۆلدى.

سۇلتان مەھمۇد پادىشاھلىق تەختىدە قارار تاپقاندىن باشلاپ تولاراق ئىسپاھان ۋە باغداتتا بولغانىدى. بىر مەرتىۋە ئەمرۇل-مۇئمىنىن مۇستەرشىد بىللاھ بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ، ئاخىر ئارىغا خۇسۇمەت جېڭى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باغداتنى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. نەتىجىدە ئۇلار سۇلھ قىلىشتى. ئۇ مۇبارەك قەدەملىك پادىشاھ ئىدى. خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن خەبەردار ئىدى. ئۇ ھەر ۋاقىت خىزمەتكارلىرىدىن ئەھۋال سوراپ پىكىر قىلاتتى. شۇڭا

www.uyghurkitap.com

ھېچبىر ئەھۋال ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەس ئىدى. بىراق، ئۇ تولىراق، مەزلۇملار بىلەن ھەمسۆھبەتلىك ئىشرەتتە بولاتتى. شۇڭا ئارتۇقچە شەھۋانىلىق تۈپەيلى ئاخىرى يامان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلدى.

ئۇ تۆت يىل پادىشاھ بولدى. يىگىرمە يەتتە ياشتا ئىدى. يۇمۇلاق، سىبىرىق يۈزلۈك، چار ساقال، كۆشتۈنگۈر كىشى ئىدى. ۋەزىرلىرى - زىيىب ئەددەۋلەتى ۋە ئۇبۇلقاسىم ئەنسابارى ئەبۇ نۇشىرىۋان بىننى خالىد بىننى ھىجاب؛ ياساۋۇلى - ئەلى بىننى مۇھەممەد بىننى بارى تەئايىر ۋە ئىرۋان ئىدى. ئىككى مۆھۈرى بولۇپ بىرىدە «ئىئتەسەمتۇبىللەھى» (مەن ئاللاغا ئەگەشتىم)؛ يەنە بىرىدە «تەۋەككەلتۇئەلەللاھى» (ئاللاغا ئۆزۈمنى بېغىشلىدىم) دېگەن سۆز پۈتۈكلۈك ئىدى.

*　　*　　*

سۇلتان رۇكنىددىن ۋە ئەددۇنيا ئەبۇ تالىب توغرۇل بىننى مەلىك شاھ بىننى ئالپ ئارسلان - سۇلتان توغرۇل (سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ئوغلى) پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئادىل، قەھرلىك ۋە ھەيۋەتلىك، سېخىي ۋە شىجائەتلىك؛ پاھىشە ۋە بىھۇدە ئىشلاردىن يىراق كىشى بولۇپ، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋاقتىدا تاغىسى سۇلتان سەنجەرنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. سۇلتان مەھمۇد ئۆلۈش بىلەن سۇلتان سەنجەر تەختكە ئولتۇردى. بىراق ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپلا، سۇلتان مەسئۇد بىلەن نەچچە مەرتىۋە جەڭ قىلدى. ھەرقايسىسىغا زەپەر ھەم بولدى، شىكەست ھەم بولدى.

بىر نۆۋەت ئۇ بۇرادىرىدىن شىكەست تېپىپ ھودىستانغا باردى ۋە شۇ يەردە سەرگەردانلىق خاتىرىسى ئۈچۈن خاجە قەۋامنى شوشتۇر دەرۋازىسىغا ئاستۇردى. ئۆزى ھەم تارىخنىڭ بەش يۈز

يىگىرمە توققۇزى، ھەمەدان دەرۋازىسىدا ئۆلدى. ئۇ قىزىل يۈزلۈك، پېشانىسى كەڭ، ساقاللىق بىر يېپى ئۇزۇن، ئوتتۇرا بويلۇق كىشى ئىدى. ۋەزىرلىرى- قەۋامىددىن ئوبۇلقاسىم، مۇشەررەفىددىن بىننى ئەلاي؛ ياساۋۇلى - سىكرى يەنۇس ۋە نىيازلار ئىدى. مۆھۈرىدە « تەسەججەدتۇ بىللەھى » ( مەن ئاللاغا سەجدە قىلدىم ) دېگەن سۆز يېزىقلىق ئىدى.

* * *

سۇلتان غىياس ئەددۇنيا ۋەددىن ئەبۇلفەتھە مەسئۇد بىننى مەھمۇد بىننى مەلىك شاھ بىننى ئالپ ئارسلان، سۇلتان مەھمۇد پادىشاھ ئىدى. ئۇ نۇرانى، ھەيۋەتلىك، پالۋان، قۇدرەتلىك، ئادىل ۋە رەھىمدىل، يېرىكلىك كىشى ئىدى. شىكاردا ھەرگىز ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. جەڭدە ئاۋال ئۆزى ھوجۇم قىلىپ كىرەتتى. خۇشخۇي ۋە دوستلۇقشۇنۇشا ئامراق، دەرۋىشلەرگە كىرىشىملىك، ئالىملارغا مېھرىبان ۋە مۇبارەك قەدەم كىشى ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە خەلق خاتىرجەم ۋە تېنىچ؛ ئەيش - ئىشرەت ئىشكى خەلققە كەڭ ئېچىلغان. سىپاھ ۋە لەشكىرى ھۇزۇر - راھەتتە ئىدى. دېۋانە ۋە فۇقرالار بىلەن ئۆلپىتى بار ئىدى. خەزىنە، مال - دۇنيا يىغمايتتى. ھەر تەرەپتىن خىراج كەلسە، خەلققە ئاتا قىلاتتى. سۇلتان توغرۇل ئۆلگەندە ئۇ باغداتتا ئىدى، شۇڭا ئىراقنىڭ ئۇمەرالىرى:

- بىرادىرىڭ دۇنيادىن ئۆتتى. بىز بەندىلىرىڭ شاھانە ھۇزۇرىڭىزنىڭ دۆلىتىگە تەشنادۇرمىز، - دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ خەۋەر بىلەن سۇلتان ھەمەدانغا قاراپ يولغا چىقتى. ھەلۋاندىن ئۆتتى. يوللار تىكەن، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. تۆگىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ئىز بېسىپ ھەمەدانغا يەتتى. ئۇمەرالار چىقىپ تازىم

www.uyghurkitap.com

بىجا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تەختكە ئولتۇردى.

بۇ چاغلاردا ئەمىرۇل - مۆئمىنىن مۇستەرشىد بىللاھ ئىراق
ۋە خۇراساننى ئىشغال قىلىش قەستىدە كوھىستانغا قاراپ يولغا
چىققانىدى. ئۇ بەش كۈن دېگەن جايغا يەتكەندە، مەسئۇت بىلەن
ئۇچراشتى. ئىككەيلەن بۇ جايدا جەڭ قىلدى. باغدات ئۆمەرالىرى
چېكىندى. ئەمىرۇل - مۆئمىنىن يولسا، تاغ بېشىدا تۇراتتى. سۇلتان
سۇلھى قىلىش مەقسىتىدە تاتار ياساۋۇلنى ئەۋەتىپ، ئاندىن شاھانە
چېدىرنى تىكتى. ئەمىرۇل - مۆئمىنىن ياساۋۇلنى ئىززەت - ئىكرام
بىلەن قوبۇل قىلىپ مېھمانلىق كۆرسەتتى ۋە ئولتۇرۇشنى توختىتىپ
ئەزەربەيجانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار مەراغا يەتكەندە غەيرى
مەزھەبچىلەر پۇرسەت تېپىپ ئەمىرۇل - مۆئمىنىننى شېھىد قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئەزەربەيجاندىن ئۆتۈپ كوھىستانغا باردى
ۋە ئۇ يەردە ھېسابسىز لەشكەر يىغىپ باغداتقا قاراپ يولغا چىقتى.
چۈنكى ئەمىرۇل - مۆئمىنىن مۇستەرشىد بىللاھنىڭ ئوغلى راشىد
ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئۆز يېنىغا نۇرغۇن لەشكەر
توپلىغانىدى. شۇ يىلى ئىراق ۋە كوھىستاندا قەھەتچىلىك بولغاچقا
لەشكەرلەر ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان
باغداتقا يەتتى. ئەمما راشىد قورقۇپ ئۇرۇشماستىنلا قېچىپ ئىسپاھانغا
كەتتى. غەيرى مەزھەبچىلەردىن بىرى ۋە سەئىدۇللا ئىسپاھاندا
ۋالى ئىدى. ۋاقتىنى غەنىمەت تېپىپ ئەمىرۇل - مۆئمىنىن راشىدنى
شېھىد قىلدى. سۇلتان بېرىپ مۇستەرشىدنىڭ بۇرادىرى ئەمىرۇل -
مۆئمىنىن موقتەفىنى ئىختىيار قىلىپ، يېنىپ ھەمدانغا كەلدى.

دىيابۇرسەقنىڭ ئۆمەرالىرى ۋە لەشكەرنىڭ سەردارلىرى ئىلگىرى
ئەمىرۇل - مۆئمىنىن راشىد بىلەن ئەھد قىلىشىپ، سۇلتاننى
ئۆلتۈرۈش قەستىدە كېلىپ لەشكەرگە جۈشكەنىدى. سۇلتان ھەمداندىن
ئاۋۋال ئاخشىلا ئاتلىنىپ، ناماز پېشىن بىلەن ئۇلار ئۈستىگە يېتىپ

كەلدى. ئەمما سۇلتان ھېچكىمگە ئازار بەرمەي، كېلىپ بىر جاينى چۈشكۈن قىلدى. شۇندىلا دىيابۇرسەق ۋە لەشكەرنىڭ ئۆمەرا ۋە سەردارلىرى خەۋەر تېپىپ، بىر-بىرلەپ كېلىپ ئۇزر ئېيتتى. سۇلتان قوبۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى ۋە كېيىنكى يىلى قىشتا باغداتقا قايتتى. كامال مۇھەممەد باغداتنىڭ خەزىنىدارى ئىدى. ئۇنى ۋەزىر قىلدى. ئۇ مەشھۇر ۋە قۇۋۋەتلىك كىشى ئىدى. بىراق ئۆمەرالارغا ئىززەت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرالار بىرلىشىپ ئاتابېك ئەستەرگە:

«ۋەزىر بىزنى ھاقارەتلەپ، ھەر دەم سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن سۇلتانغا شىكايەت قىلماقتا، ئەگەر تەدبىر قىلماقچى بولساڭ، ۋاقىتنى غەنىمەت بىلگىن. بولمىسا، كېيىن چارە قىلماق تەس» دېگەن مەزمۇن بىلەن نامە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئەستەر ئەزەربەيجانغا - سەلچۇقشاھنىڭ خىزمىتىگە باردى ۋە ئاتادىن ئۆتۈپ مىرغەزار سەگكە چۈشتى. چۈنكى سۇلتان ئۇنى پارستا - مىكوبەرەس بىلەن جەڭ قىلىشتابۇيرۇغاندى. ئەستەر نامىدىن خەۋەر تېپىپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاداۋەت بىلەن مىرغەزاردىن سۇلتانغا:

«تا كامال مۇھەممەدنىڭ بېشىنى ئەۋەتمىگۈچە پارستا جەڭگە بارمايمەن» دەپ كىشى ئەۋەتتى. ئۆمەرالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەلىپىنى قوللىدى ۋە تۈرلۈك ئامالدار بىلەن سۇلتاننى چارىسىز ۋە بىچارىۋار قىلدى. سۇلتان ئامالسىز كامال مۇھەممەدنىڭ بېشىنى كېسىپ قەرئەستەرگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەستەر پارستا بېرىپ مىكوبەرەسكە شىكەست بېرىپ، سەلچۇق شاھنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئەزىل - مۈلكنى ۋەزىر قىلىپ قايتتى. قەر ئەستەر قايتىش بىلەن مىكرىبەرەس يەنە كەلدى بۇ چاغدا سەلچۇق شاھ كېسەل بولۇپ قالغاندى. ئۇنى لەشكەرلىرى مەيگە ئولتۇرغۇزۇپ قاچتى. ئەمما مىكرىبەرەس مەيە ئالدىغا كېلىپ، تازىم بىجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ:

« ئەي مەلىك شاھ . مەن خىزمىتىڭگە كەلدىم. نېمىشقا شاھلىقنى تاشلاپ كېتىسەن؟ » دېدى ۋە شاھنى ئاۋال شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، ئاندىن « قىلئەيى سەيد » كە ئەۋەتتى. شاھ شۇ يەردە ئۆلدى. ئاتابېك قەر ئەسقەر ھەم ھەمەدانغا كېلىپ سۇلتاندىن ئىنايەتلەر كۆرۈپ، ئەزەربەيجانغا قايتىپ شۇ يەردە ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن قەرئەسقەر ئورنىغا ھاۋلى جاندار ئولتۇردى.

* * *

سۇلتان سەنجەر ئاباسقا غەزەبلىنىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ سۇلتاننى ( سۇلتان مەسئۇدنى ) ئاباسنى تۇتۇشقا بۇيرىدى. بۇيرۇقنى بىنائەن سۇلتان مەسئۇد رەيگە كەلگەندە، ئاباس ئاجايىپ تۆھپىلەر بىلەن ئالدىغا چىقىپ ياخشى خىزمەتكارلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئۇنىڭغا ئازار بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. چۈنكى ئۇ مەرد ، راستچىل كىشى بولۇپ، ئەسلىدە ئۇنىڭغا بەدنام قىلىنغانىدى. شۇ ئارىدا بارلىق ئۇمەرالار ئەزىل - مۇلكىنى تۇتۇش قەستىدە ئىتتىپاقلىشىپ جەم بولۇشتى ۋە ئەزىل - مۇلكنى تۇتۇپ تاتار ياساۋۇلغا تاپشۇردى. سۇلتان بولسا، ھەمەدانغا كەلدى. كۆز يەسلى ئىدى. ئەمىر ئابدۇررەھمان سۇلتاننى مېھمان قىلدى. شۇ قاتارلىق مېھمان قىلدىكى، ئۇنداق مېھماندارلىق ھېچ زاماندا بولغان ئەمەس ئىدى. ئەمما ئاستىرتتىن ئەمىر ئابدۇررەھمان، ئاباس ۋە بوزانلار سۇلتاننى تۇتۇش قەستىدە ئىتتىپاق تۈزۈشكەندى ھەمدە ئەمىر-ئابدۇررەھمان شۇ مەقسەت بىلەن ئاباس ۋە بۇزانگە كىشى ئەۋەتتى. بىراق بوزاندىن:

« مەھمۇد شاھنىڭ ئوغلى ئىسپاھانغا مۇھەممەد شاھ ۋە مەلىك

مەلىك شاھنى ئېلىپ كەپتۇ » دېگەن خەۋەر كەلدى.

سۇلتاننىڭ قېشىدا لەشكەر يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاتابېك بەلدەگىرگە:

« ھېچقانداق تەخىر قىلماستىن تېز يېتىپ كەلگەيسەن » دەپ كىشى ئەۋەتتى.

سۇلتان كۆچۈپ ھېچقانچە يۈرمىگەنىدى. بوزانى ھەمدانغا كەلدى. ئاتابېك بەلدەگىر ھەم بارلىق لەشكىرىنى ئېلىپ كىرمان شاھىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۇمەرالىرى بىلەن ھەمراھ قىلىپ سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھەمداندىن ئۆتۈش بىلەن قاتتىق قار ياغدى. ئۇنداق قارنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدۇر.

سۇلتان ئۆت ئاي باغداتتا تۇردى ۋە « قەلئەيى بەكرىيەت » تە باغداتنى باغداتنىڭ كوتۋالى (قەلئە ۋە شەھەر ساقچى ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقى) ئەمىر مەسئۇدقا تاپشۇرۇپ، تاغ يوللىرى بىلەن ئەزەربەيجانغا باردى. مەلىك ئارسلان بىننى تۇغرۇل ۋە مەلىك شاھ بىننى سەلجۇق بۇ يەردە بۇرادەرزادىسىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئاندىن مىراغا كەلدى. ئەزەربەيجان ئۇمەرالىرى ھاۋلى جاندار بىلەن ئالدىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جايدا نەچچە كۈن تۇرۇپ مىيانىگە كەلدى. مىيانىدا سۇلتان بېك ئارسلان خاسبېك بىننى بىلەنكىرىنىڭ ئەمىلىنى ئۈستۈرگەنىدى. بۇ ئىش ئۇمەرالارغا ئېغىر كەلدى، ۋە ئۇنىڭغا قەست قىلماقچى بولۇشتى. ئاخىچە سىپەھسالار ھاكىمغا:

« ھاۋلى ئۇمەرالار بىلەن بىرلىشىپ خاسبېكنى تۇتماقچى بولۇشتى » دەپ شىكايەت قىلىشتى. سۇلتان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ھاۋلىغا:

« مەن سېنى < دۈشمەننى يوق قىلارمىكىن > دەپ چىرلاپ كەلگەنىدىم. ئەمما سەن مېنىڭ كىشىم - خاسبېكقە قەست قىلماقچى بولۇۋېتىپسەن » دەپ كىشى ئەۋەتتى. ھاۋلى دەرھال كېلىپ

ئۆزر ئېيتىپ گۇناھىنى خالاس قىلدى.

سۇلتان خاسبېكنى مەيداندا ھاۋلىغا پالۋانلىق ۋە چەۋەندازلىقنى كۆرسىتىشكە بۇيرۇدى. خاسبېك مەيدانغا كىردى. ھاۋلى ئۇنىڭ چەۋەندازلىقى ۋە پالۋانلىقىغا ھەيران قېلىپ، بارمىقىنى چىشلىدى ۋە:

«بۇ زاماندا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر» دېدى ھەمدە ئۇنىڭغا تازىم ۋە ئىكرام قىلىپ، ئات ۋە سەرۋپايلار بېرىپ سۇلتانىنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتتى. ئاندىن زەنجانغا كېلىپ مەلىك سۇلايمان، ئابباس ۋە بەنت بىلەن ناھىيە قارىسىنى ئېلىپ چۈشتى. بوزانى ھەم شۇ يەرگە چۈشتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىگە ھەيۋە كۆرسىتىشەتتى. شۇ ئەھۋالدا سۇلتان مەسئۇدمۇ بۇ مەنزىلگە يېتىنلاپ كەلدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بولسا، ئەتىگەندىلا جەڭگە تەييارلىنىپ تۇرۇشقاندى. كېچىسى مەلىك سۇلايمان زەيگە قايتتى. ئابباس خەۋەر تېپىپ خوشال بولۇپ، ئۇ ھەم كېچىلەپ كەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بوزانى لەشكەرلىرى ئەندىشە قىلىپ:

«ئۇلار بۇنداق كۈتۈلمىگەن ماجىرانى ئارىغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى قېچىپ كېتىپتۇ» دېيىشىپ، ئەتىسى كۆچۈپ ئىسپاھان يولىغا كىردى. سۇلتان ئەمىر ھاۋلى جاندارنى لەشكەر بىلەن ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرىدى. ھاۋلى تا ئىسپاھان چېگرىسىغىچە قوغلاپ يېتەلمەي قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان كۆچۈپ رەي تەرىپىگە يۈرۈش قىلىپ، جورىستەم دېگەن جايغا بېرىپ چۈشتى. ئابباس شۇ يەردە ئىدى. سۇلتانىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ قېچىپ كەتتى. ئاندىن سۇلتان رەيگە باردى. مەلىك سۇلايمان ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ، تازىم بىجا كەلتۈردى. سۇلتان ئۇنى ئەيۇ قىلىپ خىزمىتىگە قويدى. ئۇ ھەرقانداق يىغىلىش ۋە مەيداندا ھازىر ئىدى. ئابدۇررەھمان باشلىق ئۇمەرالار سۇلتانغا:

«مەلىك سۇلايمان ھازىرچە سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىۋاتىدۇ.
بىراق بۇرادىرىڭ بىلەن ئۇ شاھلىقىمىزغا دۈشمەندۇر. ئۇلاردىن
خاتىرجەم يۈرۈۋەرگىلى بولىماس. ئۇلار قاچانلا بولمىسۇن، بىرەر تايىپەنى
ئۆزىگە تارتىپ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن» دېيىشتى. بۇ
سۆزلەر بىلەن سۇلتان نائىشەنچ بولۇپ، بىر ئايدىن كېيىن
ھۇجرىسىدا تۇتقۇن قىلدى. ئاباس ئەزدەھىندە ئىدى. ئاخىر ئۇمۇ
ئەپۇ سوراپ سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە كەلدى. ھاۋلى ھەم بوزاننى
قوغلاشنى توختىتىپ قايتىپ كەلدى.

سۇلتاننىڭ ئەرەب خاتۇندىن بولغان ئوغلى مەلىك شاھ
«قەلئەيى بۇرچىن» دا ئىدى. ئۇنى چاقىرتىپ ھاۋالىغا تاپشۇردى.
ئاندىن مەلىك سۇلايماننى بۇرچىنغا ئېلىپ باردى. بارلىق ئۇمەرالار
خىزمىتىدە ئىدى. ھاۋلى بولسا، ئەزەربەيجان تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ
زەنجانغا يەتكەندە ئوق تېگىپ، تومۇرى ئۈزۈلۈپ ئۆلدى. شۇنىڭ
بىلەن سۇلتان ئوغلىنى ۋە ئەزەربەيجاننى ئابدۇررەھمانغا تاپشۇردى.
ئابدۇررەھمان سۇلتاننىڭ ئوغلىنى بىر نەچچە ئۇمەرانى قوشۇپ
خىزمىتىگە تەيىنلەپ ئىرانغا ئەۋەتتى. ئۆزى خەزرەدە تۇردى. ئۇ
دائىم سۇلتانغا:

«بوزانى ياخشى كىشىدۇر. ئۇ خىزمىتىڭدە بولسا، ياخشى بولار
ئىدى. رۇخسەت بولسا،ئۇنى خىزمىتىڭگە كەلتۈرسەم» دەيتتى.
سۇلتان ئاخىر ماقۇل بولدى. شۇ قاتاردا مەلىك مۇھەممەدنى ئېلىپ
كېلىشكە ھەم ئىجازەت بەردى. ئابدۇررەھمان سۇلتاندىن ئىجازەت
ئالغاندىن كېيىن ئىسپاھانغا يېتىپ كەلدى ۋە خوشلۇقىشىش جايىغا
كېلىپ تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۈچ كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ،
بەزمە تۈزۈپ شاراب ئىچىشتى. ئاندىن مەلىك بوزانى كابىل (
كابۇل - ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى. قەدىمكى زاماندا

www.uyghurkitap.com

شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي قاتناش تۈگۈنى بولغان ) يولى بىلەن ھەمەدانغا قاراپ يول ئالدى. سۇلتان يەنە بىر يول بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھەمەداندا ئۇچراشتى.

سۇلتان قىزى كەدخاتۇننى مەلىك مۇھەممەدكە بېرىپ تەخت ۋارىسى قىلدى. مەلىك مۇھەممەد ئەمىر ئابدۇررەھماننىڭ سۆزىدىن چىقمايتتى. ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئاباسنى ياساۋۇللار سەردارى قىلدى. تاجىددىن پارسنى ۋەزىر قىلدى. ئاتابېك بوزانى قايتىپ پارسقا كەتتى. ئابدۇررەھمان ئىرانغا بارماقچى بولۇپ، بىتنى شەمسىددىن ئاتابېك بەلدەگىر، ئەمىر خاسبېك ۋە باھاۋۇددىننى ھەمراھ قىلىۋالدى. چۈنكى ئۇ بۇلاردىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. سۇلتان باغداتقا باردى. ئاباس تاجىددىن خىزمىتىدە قالدى. ئابدۇررەھمان ئېلىپ بارغان ئۇمەرالار بوزانغا ساختا ھەمراھ بولۇپ يۈرەتتى. ئۇلار ھەر دائىم سۇلتانغا:

«بىز ئىسكانىيەتىنىڭ بىرىچە پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە پەرمان تۇتبايمىز» دەيتتى.

ئابدۇررەھمان سەمكۇر بىدئەتچىلەرگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن لەشكەر بىلەن كەنجە تەرىپىگە بارغاندا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ خەۋەر باغداتقا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ خاسبېك سۇلتاننىڭ ئوغلىنى تۇتتى ۋە ئابدۇررەھماننىڭ ئوغلىنى باغداتنىڭ پادىشاھلىقىدىن چىقىرىپ خەلىخاندا بەندكە تارتتى. ئاباس بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خەلىپە بىلەن بىرلىشىپ، سۇلتاننى ھېيت كۈنى ناماز ئۈستىدە تۇتماقچى بولدى. كۈتۈلمىگەندە ھېيت كۈنى قاتتىق يامغۇر ياغدى. ھېچ كىشى ئۆيىدىن چىقالمىدى.

ھەقتائالا شۇ سەۋەب بىلەن سۇلتاننى تۇتتۇندىن ساقلاپ قالدى.

ئاباسنىڭ قەستى بىر ھەپتىدىن كېيىن سۇلتانغا ئاڭلاندى.

ئاباس قاچاقچى بولغانىدى، سارايغا چىرلاپ تۇتۇپ بېشىنى كەستى ۋە تېنىنى دەرياغا تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇررەھمان ئۆلۈپ بىر ئايدىن كېيىن ئاباس ھەم ئۆلدى. ئاندىن سۇلتان تاجىددىننى ۋەزىرلىكتىن بوشاتتى ۋە بوزانغا:

«سېنىڭ ھەم ئەھدىڭ شۇ تەرىقە ئىدى. ئەگەردە سەن ھەم ئۇلارغا قوشۇلۇش ئارزۇسىدا بولساڭ، ئاقىۋىتىڭ شۇنداق بولغۇسىدۇر» دېگەن مەزمۇندا خەۋەر ئەۋەتتى. بوزانى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ لەشكەر توپلاپ مەلىك مۇھەممەد بىلەن مەلىك شاھنىڭ خىزمىتىگە - ئىسپاھانغا كېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئەتتى.

ئەغلەب باغداتنىڭ پاسبانى ئىدى. ئۇ ھەم كەلدى. مەلىك مۇھەممەدنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ناغرا چالدى.

سۇلتان باغداتتىن ھەمىدانغا ئازغىنە لەشكەر بىلەن كەلدى. ئارقىدىنلا خاسبەككە:

«بارلىق لەشكىرىڭنى ئېلىپ تېز يېتىپ كەلگىن!» دەپ كىشى ئەۋەتتى. يەنە شەمسۇددىن ئەلدەگىزگە، ئەمىر شىرازغا، ئاتابېك ۋە ئارسلاننىڭ بوزادىرىگە ھەم:

«ئەزەربەيجان لەشكىرىنى ئېلىپ دەرھال كەلسۇن!» دېگەن پەرمان بىلەن كىشى ئەۋەتتى. بوزانى ئىسپاھاندىن چىقىپ ھەر يەردە تورۇپ ئاستا كېلەتتى. قاچانكى، بېلۇر ئابغا يەتكەن كۈنى ئەزەربەيجان لەشكىرى يېتىپ كەلدى. سۇلتان ئۇلارنى مەيدانغا چۇشۇردى. ئەتىسى سۇلتان لەشكەرنى باشلاپ مۇرغزاز قارا تەگىنگە يەتتى. شۇ كۈنى ھىران كەنتىگە تورايى ھەم يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ سائەت سەپ تۈزۈپ جەڭگە تەييارلىنىپ توردى. دەسلەپ تورايى لەشكەرلىرى سۇلتان لەشكىرىنىڭ سول تەرىپىنى مەغلۇپ قىلدى. ئەمما ئاقىۋەت تورايى پىيادە قالدى. رۇستەم ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى. ئۇ ئەمىر ھۇسەيىن جاندارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىزمىتىدە بولغانىدى. ئۇ تۇرايىنى تونىدى. تۇرايى رۇستەمگە:
«ساڭا پارسنىڭ نىسپىنى بېرەي. ئېتىڭنى ماڭا بەرگىن» دېدى.
رۇستەم بۇنى ئەمىر ھۇسەينىگە خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
تۇرايىنى تۇتۇپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. سۇلتان شەمشىرىنى
خاسبېككە بېرىپ، تۇرايىنىڭ بېشىنى كەستۈرۈپ باغداتقا ئەۋەتتى.
ئەمىرۇل-مۇئمىنىن ئۇنىڭ بېشىنى مۇنتى دەرۋازىسىغا ئاستى.

سۇلتان كوھكەنگە كېلىپ چۈشتى. بۇ قېتىمقى جەڭ تارىخنىڭ
بەش يۈز قىرىق بىرىنچى يىلى بولغانىدى. سۇلتان شۇ قىش يۇرتۇش
قىلىپ سادە ۋە ئەزەربەيجاندىن بەش يۈز قىرىق ئۈچىنچى يىلى
باغداتقا قاراپ يول ئالدى. بارلىق ئۇمەرا خىزمىتىدە ئىدى. ئۇلار
ئاباد دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە ئاتابېك بىلەن خاسبېك
سۇلتانغا:
«بىز باغداتقا بېرىپ ساڭا يۈزسىزلىك قىلغىنى ئۈچۈن سۇلتان
مەسئۇدنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئۇنى ئىككى - ئۈچ ئۇمەراسى بىلەن
قوشۇپ، خىزمىتىڭگە كەلتۈرەيلى. باشقا ئۇمەرا ۋە لەشكەرلەر
خىزمىتىڭدە بولۇپ، بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن» دېيىشتى. سۇلتان
بۇ سۆزگە ماقۇل بولدى.

بايان قىلىنىشىچە، خاسبېك ئوغلى ئۈچۈن ئىراقتا كەلدى. ئۇ
سۇلتانغا ھېسابسىز تۆھپە ( سوۋغا - سالام ) ھەدىيە قىلىپ
ئەۋەتكەنىدى. سۇلتان ئۇلاردىن مىننەتدار بولدى.

سۇلتان مەسئۇد ئون سەككىز كۈندە سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە
كەلدى. سۇلتان ئۇنىڭغا كۆپتىن كۆپ مەرھەمەت ۋە مېھرىبانچىلىق
كۆرسەتتى. خوراسان ئۇمەرالىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى.
ئۇلارغا ھەم تون-سەرۇپاي بېرىپ، رامزاننىڭ ئوتتۇرىسى باغداتقا
قايتتى.

سۇلتان تارىخنىڭ بەش يۈز قىرىق تۆتىنچى يىلى سەپەر ئېيى

ئېيى (2-ئاي)دا خوراسانغا كەلدى. كېيىن ھەمەدانغا كەلدى ۋە شۇ يىلى رەجەب (7-ئاي) تە سادەگە باردى. شەۋۋال (10-ئاي)دا ئەزەربەيجانغا يۈزلەندى. ئۇلار بىر كۈن يول يۈرۈپ تەبرىزگە يېتىپ كېلىپ، ئۇ جايدا ئىككى ئاي توردى. سۇلتانغا مەلىك مۇھەممەد ھەمراھ ئىدى. سۇلتان مەسئۇدنىڭ قىزى كۆھتەر خاتۇن ئۇنىڭ ئەمرىدە ئىدى. ئەمما بۇ خاتۇنغا سۇلتان كۆڭۈلسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەردەمچىسىنى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئالدۇرۇپ كەلدى. ئاندىن مەلىك مۇھەممەدنى خىزمەتكە - ھەمەدانغا بۇيرۇدى. ئاندىن سۇلتان ئۆزى ماھى سەپەر (2-ئاي)دە - قىش پەسلىدە ھەمەدانغا كەلدى ۋە زىمىستاندا يەنە يول يۈرۈپ ماھى رەجەب (7-ئاي) تە سادەگە كەلدى. تارىخنىڭ بەش يۈز قىرىق بەشىنچى يىلى شەۋۋال (10-ئاي)دا ئەزەربەيجانغا بېرىپ، مىرا قورغىنىغا چۈشۈپ، ئۇ جاينى ئىككى كۈندە ئېلىپ بىر مۇنچە خاراب قىلدى. بۇ چاغلاردا خانىبېك بەلنەكرى بىلەن ئاتابېك ئارسلان ئابى ئارىسىدا نىزا (ئاداۋەت) بار ئىدى. ئۇمەرالار سۈلھ قىلىپ ئاداۋەتنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىككىسىنى ئۇچراشتۇردى. سۇلتان يېنىپ ھەمەدانغا كەتتى.

تارىخنىڭ (بەش يۈز) قىرىق ئالتىنچى يىلى ئىدى. كۈز پەسلىدە باغداتتا بېرىپ شىكار تاماشاسى قىلدى. مەلىك شاھ خىزمىتىدە ئىدى، باھار پەسلىگە كەلگەندە ئاندىن ھەمەدانغا بەرقارار بولدى. بۇ دەل سۇلتاننىڭ «جاھان بويسۇندۇرۇلغان؛ دۈشمەنلىرى مەغلۇب قىلىنغان؛ بارلىق پادىشاھ ھۆكۈمىنى ئاڭلايدىغان» چاغلىرى بولۇپ، لەشكىرى شاد ۋە خۇرام، پۇقرالىرى خاتىرجەم ۋە تېنىچ ئىدى.

جەمادىيەل ئاخىر (6-ئاي)دا سۇلتاننىڭ بەل ئاغرىقى قوزغىلىپ قالدى. باغدات تېۋىپى ئەبۇل-بەركات قېشىدا ئىدى. دەرھال ھەممە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېۋىپنى يېقىپ بىرلىكتە داۋالىدى. سۇلتان بىر ھەپتىدە شاقايدى. ئاندىن ئۆزى بىنا قىلدۇرغان تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ ھەممىدانغا قايتىپ كېلىپ، تارىخنىڭ بەش يۈز قىرىق يەتتىسى ماھى رەجەب (7-ئاي)نىڭ بېشىدا، كېچىسى خۇدايىتائالانىڭ رەھمىتىگە يۈز تۇتتى ۋە شۇ كېچە جەمال ئەددەۋلەتى ئىقبال بىنا قىلغان مەدرىستە ساندۇقتا سېلىپ دەپنە قىلىندى.

ئۇ ئون سەككىز يىل پادىشاھ بولدى. ئالەمدىن ئۆتكەندە قىرىق بەش ياشتا بولۇپ، قىزىل يۈزلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، يۈزى سوزۇنچاق، كەۋدىسى كەڭ كىشى ئىدى. ۋەزىرلىرى-شەرەفىددىن ئەبۇ نۇشىرىۋان بىننى خالىد ۋە ئىمادىددىن ئەبۇل بەرىكات ۋە كامالىددىن مۇھەممەد خازەن ئابدۇل-مەلىك ئەبۇل ئەزىز ۋە خەردى مويدىل-مۈلك توغرايى، ئەزالىددىن سەرايى، تاجىددىن پارسى، شەمسۇددىن ئەبۇ بەخت سەھھازى؛ ياساۋۇلى-ئابدۇررەھمان ھاجىب، تاتار خاسبېكلار ئىدى. مۆھۈرىدە «ئىشتەمەدى ئەلەللاھى» (مې-نىڭ تايىندىغىنىم ئاللاھدۇر) دېگەن سۆز يېتۈكلۈك ئىدى.

*　　*　　*

سۇلتان مۇغىيەسسىددىن ۋە ئەددۇنيا مەلىك شاھ بىننى مەھمۇد بىننى مۇھەممەد بىننى مەلىك شاھ بىننى مەھمۇد قوۋۋەتلىك ۋە شەۋكەتلىك پادىشاھ ئىدى. ئۇ خۇش چىراي، ساخاۋەتلىك، ھەزىل-چاخچاقنى ياخشى كۆرىدىغان، مۇساپىرلارغا خەير-خاھلىق قىلغۇچى، ئىچىملىككە ئامراق، شىكار خومار كىشى ئىدى. ئۇ تارىخنىڭ بەش يۈز قىرىق يەتتىسى، ماھى رەجەب (7-ئاي)تە تەختكە ئولتۇردى. ئۇ كېچە-كۈندۈز شارابتا بېرىلىپ، ئويۇن-كۈلكە بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئەمما دائىم ئۇمەرالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى.

ۋاقىتىكى، سۇلتان ۋەزىرى خاسبېكتىن گۇمان قىلىپ، ئۇنى تۇتىۋاقىنىڭ پىكرىدە خاسبېككە بىر مىكىر قىلدى. ئەمما مەلىك شاھ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئالدىراپ قول سالمىدى. ئاخىرى سۇلتان خاسبېككە ئاۋۋال ئاخشامدا «ناشتىلىق» بەردى. يەنى شۇ يىل ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، ئۇنى ماھى شەۋۋال (10-ئاي)دا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىپ، كۆزىدىن يىراق قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، سۇلتان ھەسەن جاندار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ھەسەن جاندار سۇلتاننى ئۈچ كۈن مېھمان قىلدى. ئۈچىنچى كۈنى سۇلتان ئىككى كىشىسى بىلەن بىرگە ئۇخلاپ قالغانىدى، تۇتۇپ بەندكە تارتتى ۋە ھودىستانغا-سۇلتاننىڭ بۇرادىرى (قېرىندىشى) سۇلتان مۇھەممەدكە كىشى ئەۋەتتى. ئۇ ھودىستاندىن كېلىپ تەختتە ئولتۇردى.

ھەسەن جاندار مەلىك شاھنى شۇ بەند قىلغانچە راۋاقتا يالغۇز ئون بەش كۈن ساقلىدى. بىر كېچىسى سۇلتان ئارغامچا بىلەن راۋاقتىن چۈشتى ۋە بىر ئات تەييارلاپ ھودىستانغا كەتتى. خاھەرى (ئىنگىچىسى) گەۋھەر نەسەب ئىسپاھاندىن ھودىستانغا كەلگەنىدى. ئۇ مەلىك شاھنى ھېسابسىز ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ: «لەشكەر توپلىغىن» دەپ سۇلتانغا ئالتۇن بەردى. سۇلتان مۇھەممەد ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتابېك ئەرۋاننى لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ ئالتۇنلارنى تالان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەلىك شاھ يەنە كۈچسىز ھالەتكە چۈشتى.

سۇلتان مۇھەممەد ئۆلگەندىن كېيىن، سۇلايمان شاھ تەختكە ئولتۇردى. ئۇ تارىخنىڭ بەش يۈز ئەللىك بەشى رەبىئۇل-ئەۋۋەل (10-ئاي)نىڭ ئون بەشى ئىسپاھاندا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇ ھاماقەتراق، غۇبار ساقال، ئوتتۇرا بويلۇق كىشى ئىدى. ۋەزىرى-مۇزدى سومەن ئەبۇ نەجىب؛ ياساۋۇلى-خاسبېك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھۇرىدە «ئىستەغىپۇس بىللەھى» دېگەن سۆز پۈتۈكلۈك ئىدى.

* * *



8

* * *

سۇلتان غىياسىددىن ئەبۇ شۇجائ سۇلتان مۇھەممەد بىننى مەھمۇد بىننى مۇھەممەد بىننى مەلىك شاھ بىننى ئالپ ئارسلان مۇھەممەد بىننى مەھمۇد خۇشرۇي ۋە خۇشخۇي، ئەقلى ۋە پىكرى جەھەتتىن تاكامۇل، كۆڭلى ساپ، ئەھدىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان، دىنىي-ئېتىقادى قەتئىي ۋە مۇستەھكەم، لەۋزى ئۆتكۈر ۋە ئېيتقان مەنىلىرى چوڭقۇر، دانىشمەن ۋە ئوقۇمۇشلۇق پادىشاھ ئىدى. ئۆلۇمالىرى تازىم ۋە ئىكرام قىلىپ، ئېھسان ۋە ئىنئامنى ئۆزلىرىگە لازىم تۇتاتتى.

ئۇ تارىخنىڭ بەش يۈز ئەللىك سەككىزى تەختكە ئولتۇردى.

قىسسە: ئۆلۇمالار مەلىك شاھنى ھەمىدانىدا تەختكە ئولتۇرغۇزغاندا، ئۇ ئەمىر جامالىددىننى چاقىرتىپ خاسبېك ۋە ئاتابېكنىڭ رۇخستى بىلەن ھودىستانغا كەتكەنىدى. بۇ چاغدا سۇلتان مۇھەممەد مۇرمىسە يولى بىلەن خاسبېكنى تۇتۇپ، پادىشاھلىقنى خەلىپىگە بېرىپ، خاسبېكنىڭ ئەۋلادىنى مەنسەپتىن بوشىتىش ئۈچۈن ئىشتىياق تۇزدى. ئۇ شۇ مەقسەت بىلەن ھەمىدانغا كەلدى. بارلىق ئۇمەرا ئالدىغا چىقتى. خاسبېك باشلىق بىر بۆلۈك سائادەتپەنلەر ئۇ كۈنى مۇرغەزار قاراتەگىندە شاراب ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى.

سۇلتان ئەتىسى مۇرغەزار راۋىقىغا چۈشتى ۋە «مەسئۇد راۋىقى» دا مەجلىس قۇردى. ئۇمەرالار تىغ تارتىپ، يەك شىبايلاپ سوۋغا-سالاملار كەلتۈردى. خاسبېك ساھىبخان سۈپىتىدە شۇنداق مېھماندارلىق قىلدىكى، ئۇنداق مېھماندارلىقنى ھېچكىم كۆرمىگەندۇر. قاچانكى، بەزمە ئاخىرلاشقاندا ئۇلار بەزمە ئەھلىنى قايتۇرۇپ، ئۆزلىرى بىر خىلۋەتكە كىردى. راۋاقتا خاسبېك، جامالىددىن، بۇرادىرى ۋە زەنگى جاندار قالدى. جامالىددىن قاراۋۇللار خاسبېكنى تۇتۇشتىن ئىلگىرى راۋاقتىن چۈشۈپ، ئەگۈشتىرىنى چاپارمەنگە بېرىپ: «ئەمىر خاسبېك بۇ نىشانە بىلەن ئاتنى ساڭا بەرسۇن»،-دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە-شەھەرگە كىرمەكچىمەن.» بۇ سۆز بىلەن ئۇ ياخشى ئات ئېلىپ مىنىپ ھودىستانغا كەتتى.

راۋاقتا ئىزتىراب ۋە غوغا كۆتۈرۈلدى. خاسبېكنىڭ لەشكىرى ھېسابسىز تولا ئىدى. ئۇلار راۋاقتا قاراپ ماڭغانىدى. شۇ ئارىدا سۇلتاننىڭ كىشىلىرى خاسبېك ۋە زەنگى جاندارنىڭ بېشىنى كېسىپ لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل لەشكەر پاراكەندە بولدى. ئاندىن سۇلتاننىڭ لەشكىرى خاسبېكنىڭ خەزىنىسىگە باردى ۋە شۇنچىلىك كۆپ مال-ئەشيا تاپتىكى: ئون ئۈچ مىڭ قىزىل ئەتلەس؛ شارابخانىسىدا ئۆزىگە تەييارلىغان يەتتە مىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈش پىيالە بار ئىدى. باشقا ماللارنىڭ ھېسابىنى قىياس قىلىپ بولمايتتى. يەنە مىڭ تۆت يۈز ئات، قېچىر بار ئىدىكى، بۇنداق ئات ۋە قېچىر ھېچ يەردە يوقتۇر. بۇ ئات، قېچىرلار ئاختىخاندا باغلاقلىق ئىدى. بۇ قاتارلىق مالنىڭ ھەممىسىنى سۇلتان ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بۇ چاغقىچە ھېچبىر پادىشاھقا مۇنداق كۆپ مال ئولجا بولۇپ باقمىغاندۇر. مىسالكى: «يېمىگەنگە مال يىغىلۇر، يىغمىغانغا مال يېيىلۇر (چېچىلۇر)».

قاچانكى، خاسبېك ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى - شەمسۇددىن ئېلدەگىز، ئاتابېك ئارسلان، ئەلئۇس كۆن، فەخرىددىن زەنگى، مۇزەففەرىددىن ئالپ ئەرغۇۋان ۋە بىر مۇنچە ۋۇجۇدى يارىلار ھەمدە خارەزم شاھى يۇسۇف قاتارلىق مۇنچە كۆپ كىشى سۇلايمان شاھ بىلەن ئىشتىياق بولۇپ ھەمدانغا يۈزلەندى. سۇلتان مۇھەممەدنىڭ يېنىدا لەشكەر ئاز ئىدى. خاسبېكنىڭ لەشكىرى پاراكەندە ئىدى. شۇ پۇرسەتتە بۇلار كېلىپ ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مۇھەممەد لەشكەرلىرىنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئالتۇن ۋە شاھانە تاج - سەرۇپاي بېرىپ، ئۆزى ئىسپاھانغا كەتتى.

ھەسەن جاندار قاراۋۇلخانىدا، ۋەزىرىددىن ئەمىر يار پالۋان

قىمارخانىدا قالغانىدى. يەنە خورىستاندىن كەلگەن بىر مۇنچە كىشى بار ئىدى.

سۇلايمان شاھ ئۈچ كۈندىن كېيىن شۇ قەدەر كۆپ لەشكەر بىلەن كەلدىكى، دەشت سەھرا پۈتۈنلەي لەشكەرگە تولدى. ئۇلار ھەمەداندىن ئىككى پەرسەڭ يىراقلىقتا بىر جايىنى لەشكەرگاھ قىلدى. بۇ ئىشتىن ھەمەدان خەلقىغە ھېسابسىز قورقۇنچ چۈشۈپ قېچىشقا باشلىدى ۋە «ئەگەر سۇلايمان شاھ ئىسپاھانغا بارىدىغان بولسا، بىزنىڭ خورىستانغا كەتكىنىمىز تۈزۈك. مۇنداق زور لەشكىرىي كۈچكە ھېچ قاچان تاقابىل تۇرالمايمىز» دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ، سۇلايمان شاھنى پادىشاھلىققا مۇقەررەر قىلدى. بۇ خەۋەر سۇلتان مۇھەممەدكە يەتتى. پەخرۇددىن كاشى ۋەزىر، خارەزم شاھ ياساۋۇل ئىدى. ئۇلار «بۇلارنى (پەخرۇددىن كاشى ۋە خارەزم شاھنى) يۆتكۈۋېتەيلى. سۇلتان مەسئۇدنىڭ ۋەزىرى شەمسۇددىن نەجىبنى ۋەزىر؛ مۇزەففەرىددىن ئالپ ئەرغۇۋاننى ياساۋۇل قىلايلى. تاكى بۇلار سۇلايمان شاھقا قارشى تىغ كۆتۈرگەي.» دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. بۇ سۆز سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ۋە سۇلايمان شاھنىڭ خەلقىغە يەتتى. ھەممە ئۇلار ئارىسىدا «بارلىق لەشكەر تىغ تارتىپ، سۇلتان مۇھەممەدنى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ كېچە سۇلايمان شاھنى تۇتتۇدەك» دېگەن سۆزلەر تارالدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سۇلايمان شاھ شۇ كېچە ھېچ كىشىگە ئۇقتۇرماي بىر خەزىنە مال - ئەشيانى ئېلىپ، باشقا مال-ئەشيا ۋە خەزىنىلەرنى قويۇپ، پادىشاھلىقنى تاشلاپ، خۇددى خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك سەراپەردە (شاھانە چېدىر) دىن ئاستا سوغۇرلۇپ چىقىپ يېنىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇمەرالار خەۋەرسىز، لەشكەرلەرنىڭ سەپراس تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھەممە لەشكەر تالان قىلباقتا تۇتۇش قىلدى. ئەمما سۇلايمان شاھنى كۆرمەي، ئەندىشىگە چۈشۈپ،

ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە بېرىپ: «بۇ نېمە ۋەقەدۇر؟» دېيىشەتتى. ئاخىر ئىشنىڭ ھەقىتى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر ئۆز دىيارىغا يېنىپ كېتىشتى.

سۇلايمان شاھ ئاران يىگىرمە يەتتە كۈن پادىشاھلىق قىلغانىدى. بۇ خەۋەر سۇلتان مۇھەممەدكە يەتتى. بىراق ئىشەنچ قىلالماي: «بۇ مىكىردۇر» دېدى. ئاخىر خەۋەر راست بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھەمدانغا كەلدى. ئۇمەرالار راۋاق تاقنى (گۈمبىزنى) ئىلگىرىكىدەك ياسىدى. راۋاقلار بىنا قىلدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان يەنە پادىشاھلىق تەختىدىن ئورۇن ئالدى. جامالىددىن قۇۋ شەددەنى ياساۋۇللارغا ئەمىر قىلدى. جالالىددىن ۋە شەمسۇددىن ئەبۇ نەجىبنى ۋەزىر قىلدى.

سۇلايمان شاھ ھەمداندىن يېنىپ ئاۋۋال مازاندەرانغا باردى. ئاندىن كېيىن خوراسانغا لەشكەر ئېلىپ كەلدى. تارىختا بەش يۈز ئەللىك بەش، ئىدى. بەش يۈز كىشى بىلەن ئىسپاھانغا كەلدى. رەشىد قەلەمدار ھاكىم ئىدى. ئۇنىڭغا:

«مېنى شەھەرگە ئېلىپ كىرسۇن» دەپ ئەلچى كىرگۈزدى. رەشىد:

«بۇ دىيار ماڭا ئامانەتتۇر، ساڭا بۇ شەھەرنى بەرمەك خىيانەتتۇر. سۇلتان مۇھەممەدنىڭ سۇئالىغا جاۋاب بەرگىن. شۇندىلا پۈتكۈل شەھەرنى قارشىلىماستىنلا ساڭا تاپشۇرۇمەن» دەپ جاۋاب چىقاردى. بۇ سۆز بىلەن سۇلايمەن شاھ ئۈمىدسىزلىنىپ يېنىپ باغداتقا باردى ۋە خەلىپە ئى مۇتتەقىي باھرۇللاھنىڭ پاناھىدا بولدى. ئۇ يەردە مەلۇم مۇددەت تەييارلىق قىلىپ، سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەپ، ئاندىن ئەزەربەيجانغا باردى ۋە ئاتابىك ئەلدەگىزنىڭ چېدىرىغا كىردى. سۇلتان مۇھەممەدنىڭ بۇرادىرى مەلىك شاھ شۇ يەردە ئىدى. ئاتابېك ئامالسىز ئۇنىڭغا يېتىنچىلىق قىلدى. شۇنداق

قىلىپ يەنە زور لەشكىرى قوشۇن جەم بولدى. بۇنىڭدىن سۇلتان مۇھەممەد خەۋەر تېپىپ، لەشكەر تارتىپ ئەزەربەيجانغا يۈزلەندى. ئەسالىھ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇش شەھىرى دىياربىدا-دەريا لىۋىدە جەڭ قىلدى.

ئەسالىھ ئالدى بىلەن لەشكەرنى دەريادىن ئۆتكۈزدى. ئارقىدىن ئۆزى ئۆتتى. سۇلايمان لەشكىرى قېچىشقا باشلىدى. سۇلايمان ئايرىلىپ مەۋسىلگە چۈشتى.

سۇلتان ئاتابېك ئەلدەگىزنى بىرگە ئېلىپ مېھرىبانچىلىق كۆرسىتىپ مەسلىھەت قىلاتتى. ئاتابېك ئۇزر ئېيتىپ، ئوغلىنى سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە ئىراقتا ئەۋەتتى. سۇلتان بۇ يەردىن يېنىپ باغداتقا كېلىپ:

«ئەلى زەينىددىن مەۋسىلدىن جەڭگە كېلىدۇ؛ مۇۋەققىق گەرد بازۇ مەددەتكە كېلىدۇ» دەپ ئۇلارنى كۈتۈپ بىر ئاي توردى. دېگەندەك مۇۋەققىق گەرد بازۇ كېلىپ دەرياي دىجلە (باغدات شەھىرى يېنىدىن ئۆتۈدىغان دەريا) دىن ئۆتتى. ئەلى زەينىددىن سەپ تۈزۈپ ھېسابسىز لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆز لەشكىرى بىلەن مەغرىب تەرەپكە چۈشتى.

ئاتابېك شەرفىددىن، فەرزەندان، قەمار ۋە گەرد بازۇ مەشرىق تەرەپكە چۈشتى.

سۇلتان لەشكەرلىرى زەينىددىن ئەلگە ئۇدۇللاپ مەنجەنىق (قەدىمىي زەمبىرەك، ئۇرۇش قورالى) ۋە پالاخمان (قەدىمىي تاش ئېتىش قورالى) قاتارلىقلارنى قويدى.

ئىراقتىن مۇزەففەرنىڭ ئوغلى جەمالددىن تۆت كېچە بىلەن تۆت يۈز پالۋاننى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. ۋۇخلىدىن دەپىسنىڭ ئوغلى، نەۋرىسى ئىككى-ئۈچ يۈزمىڭ لەشكەر ئېلىپ كەلدى. بۇ يەرگە ھېسابسىز لەشكەر جەم بولدى. ئۇلار ھەر كۈنى قوزغىلىپ بىر-بىرىگە تاش ئېتىشاتتى. كېچىدە يۈرۈپ جەڭ قىلاتتى. شەھەردىن بولسا،

گورۇھ - گورۇھ پىيادىلار چىتىپ پىيادىلار سېپىگە قوشۇلۇپ تۇراتتى.
لەشكەرلەر شۇ تەرىپتە ھەر كۈنى ئۆزئارا خىرىس قىلىشاتتى.
قارشى تەرەپ بولسا، سۇلتانغا ھىيلە ئىشلەتمەكچى بولاتتى.
خەلىپە ئۈمەرالىرىدىن بەزىسى «پالان-پالان دەرۋازىنى خالى
قويارمىز» دەپ تىل بەردى،
مۇۋەپپىق گەردبازۇ بىلەن فەرزەندان قىيبار ئارىسىدا ئاداۋەت
بار ئىدى. بۇ ۋەجھىدىن ئۇلار ئارىسىدا جەڭ بولۇش ئېھتىمالغا يېقىن
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر ھەم قىيىنچىلىقتا ئىدى. ھېچ
تەرەپتىن تەمىنات كەلتۈرەلمەس ئىدى. تۇساتتىن:
«ئاتابېك ئەلدەگىز مەلىك شاھ بىلەن كېلىپ ھەمەداننىڭ
دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشتى. ھەمەدان لەشكەرلىرى شۇ سەۋەبتىن
بالا-چاقا ۋە مال-مۈلكىنى ئېلىپ قاچقىلى تۇردى. تېزلىك بىلەن
ھەمەدانغا بىر خەۋەر يەتكۈزۈلگەي» دەپ خەۋەر كەلدى. بۇنىڭدىن
ھەمەداننى ئىشغال قىلىش مۈمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەن سۇلتان
لەشكەرلىرى بىتاقەت بولۇپ كۆۋرۈكنى بۇزدى. كېمىچىلەر قېچىپ
كەتتى. كېمە تاپقانلار دەريادىن ئۆتتى. تاپالمىغانلار ئۆزىنى دەرياغا
تاشلىدى. گويا قىيامەت بولدى.
خەلىپە لەشكىرى مەغرىب تەرەپنى تالان-تاراج قىلىپ دەرۋازا
ئالدىغا كەلدى. جەڭ، ئۇر-چاپ قىلىپ سۇلتانغا يېقىنلاپ كەلدى.
سۇلتان سارىينىڭ مەشرىق (شەرق) تەرىپىدە بىر ئىشىك
بولۇپ، ئۇ يەردە لەشكەر ۋە ماتاخانا (مال، ئەشيا قويۇلغان ئۆي)
بار ئىدى. ئۇنى باغدات خەلقى تالان-تاراج قىلغىلى تۇتۇندى. ئۇ
ئۆينى لەشكەر سەپىراس بولۇپ ساقلاۋاتاتتى. سۇلتان ساراي
ئىچىدە ئون-ئون بەش كىشى بىلەن قالدى. ئاخىر سۇلتان ئامالسىز
قېلىپ مەيگە (ئاياللار چۈشىدىغان، ئەتراپى ئورالغان كاجىۋا؛
تەخىتىراۋان) ئولتۇرۇپ چېكىندى. ئەلى زەيىندىن لەشكەر بىلەن

تەختىراۋان) ئولتۇرۇپ چېكىندى. ئەلى زەيىنىددىن لەشكەر بىلەن دەريا بويىدا-كېچە ياقىسىدا تۇراتتى. سۇلتاننى ئۆتكىلى قويمىدى ۋە بۇيرۇق قىلىپ پۈتكۈل ئوق-دورا، قورال-ياراق، ئۆي-ئىمارەتلەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈردى.

مەشرىق تەرەپتە سۇلتاننىڭ يەنە بىر بۆلۈك لەشكىرى بار ئىدى. ئۇلار سۇلتاننىڭ خەزىنە-دەپىنە ۋە ئەھل-ئايالىنى ئېلىپ ئارقىدىن كەلگەنىدى. ئۇلار شۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە دەريا بويىدا يۈردى. تاڭ ئېتىش بىلەن كۆچۈپ، بىر پەرسەڭ يەرگە كېلىپ چۈشتى. باغدات لەشكىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگۈدەك ماجالى يوق ئىدى. ئۇلار ھەلۋانغا يەتكەندە ئەلى زەيىنىددىن كېلىپ سۇلتاننىڭ پۈتكۈل ئوق-دورا، قورال-ياراق، ئەھل-ئايال، شاھانە چېدىرىنى ئېلىپ ياندى. مال-ئەشيالار ئەسلا زايا بولمىغانىدى.

سۇلتان ھەم مەنزىللەرنى بېسىپ ھەمەدانغا يەتتى.

ئاتابېك ئەلدەگىز يېنىپ كەتتى. مەلىك شاھ يالغۇز قېلىپ خۇدىستانغا قايتتى. سۇلتان كېلىپ ھامەدانغا چۈشتى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى نابۇت بولغان؛ تارتقان رەنج-مۇشەققەتلىرى ھېسابسىز ئۆيى خالى، خەزىنىسى قۇرۇق ئىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن شاھلىق تەختىدە بەرقارار بولالمىدى. ئۇ قىشتا سادەدە، يازدا ھەمەداندا بولاتتى. ئاخىر كۆڭۈلسىزلىك ئىشلار غالىب كېلىپ، بىتاپ ۋە بىتاقەت ھالدا بىر مۇنچە تۆھپە (سوۋغا-سالام) ئېلىپ شەھەرگە كەلدى.

ئۇ باغداتتا چاغدا شەھابىددىن مەئالىي (ئالىي جاناب، يۈكسەك) بۇزرۇكنى كىرمانغا-ئىمام شەيبانىنىڭ قىزى خوتبە خاتۇننى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. بۇ قىزنى تارىخنىڭ بەش يۈز ئەللىك تۆتى ھەمەدانغا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنى پاكىزلاپ ئەيتەكتەك ھالەتكە كەلتۈردى. بەش يۈزدىن تولاراق كۆشەك (ئارامگاھ مىسپاك) ۋە سەراپەردە (شاھانە چېدىر) ياسىدى.

مۇغەننى (سازەندە)لەرنى تەرتىپلەپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن سۇلتان تەختىراۋاندا قىزنىڭ ئالدىغا-ئىستىقبالغا چىقتى. قىز بەش ئاي سۇلتاننىڭ قول ئاستىدا «بەند» تە تۇردى. بىراق سۇلتان كىبەل كامى دىل بولغىنى ئۈچۈن (بەھرە، لەززەت) ھاسىل قىلالماي، شۇ يىلى شۇ ئاغرىقى بىلەن ئۆلدى.

ئۇ يەتتە يىل پادىشاھلىق قىلدى.ئوتتۇز ئىككى يىل ئۆمۈر كۆردى.

ئۇ قىزىل يۈزلۈك، خوش سۈرەت ۋە خوش قەد، كۆزلىرى چوڭ، ساقلى ئاز ۋە ئۇزۇن كىشى ئىدى. ۋەزىرى جەلالىددىن ئەبۇل فازىل ۋە شەمسۇددىن ئەبۇ نەجىب ئىدى. ياساۋۇلى-جەمالىددىن قەفەسىيدۇل-ئەمىن بىننى قەمار ۋە ناسىرىددىن ئاتابېك ئىدى. مۆھۈرىدە «ۋەللاھۇ خەيرىل-ھافىزىينە» (ئاللا ياخشى ئەمەلدە بولغۇچىلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر) دېگەن سۆز پۈتۈكلۈك ئىدى.

* * *

سۇلتان مۇئىززىددىن ۋە ئەددۇنىيا ئەبۇل-ھارىس سۇلايمان شاھ بىننى مۇھەممەد بىننى مەلىك شاھ بىننى ئالىپ ئارسلان-سۇلتان سۇلايمان شاھ پادىشاھ ئىدى. ئۇ خۇشخۇي ۋە خۇشرۇي، لەتىپەكۇي (قىزىقچى) ۋە بەزمە-يىغىلىشلارنى دوست تۇتقۇچى كىشى ئىدى. ئەمما نەچچە رەت تەختكە ئولتۇرغان بولسىمۇ، سەلتەنەتكە بەختى يار بەرمەي، ئورنىنى مۇستەھكەملىيەلمىدى.

سۇلتان مۇھەممەد ئۆلگەن چاغدا ئۇمەرالارنىڭ چوڭلىرى نەسرىددىن ئاغۇش، ئەزالىددىن قىيامار ۋە ئاتابېك ئاياز ئىدى. مۇۋەپىق گەرد بازۇ ھەممىدىن قۇۋۋەتلىك ئىدى. ئۇلار سۇلتاننى (سۇلايمان شاھنى) سەلتەنەتكە ئولتۇرغۇزۇشتا مەسلىھەت قىلدى

(سۇلايمان شاھنى) سەلتەنەتكە ئولتۇرغۇزۇشتا مەسلىھەت قىلدى ۋە ئىنانەھنى رەيدىن چاقىرتىپ ئۇنىڭ رايى ۋە مەسلىھەتى بويىچە ئىش كۆرمەكچى بولۇشتى. ئۇلار ئىنانەھنى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇنىڭ رايى سۇلايمان شاھقا مۇقەررەر ئىدى. ئاندىن موسۇلغا كىشى ئەۋەتتى. ئۇ كېسەل ئىدى.

تارىخنىڭ بەش يۈز ئەللىك بەشى. سۇلايمان شاھ ھەمدانغا كېلىپ تەختكە ئولتۇردى. خاجە شەھابىددىن سەقىنى ۋەزىر قىلدى. مۇزەففەرىددىن ئالىپ ئەرغۇۋانى ياساۋۇل قىلدى. ئاتابېك شەمسۇددىن ئەلدەگىزنى خۇتبە ئوقۇتۇپ ئۆز ئورنىدا ۋەلي ئەھد (تەخت ۋارىسى) قىلدى. ئىنانە رەيگە ياندى.

مۇۋەققىق گەردبازۇ، ئەزالىددىن قەمار ۋە ناسىرىددىن ئاغوش ئارىسىدا ئۇزۇندىن بويان ئاداۋەت بار ئىدى. سۇلايمان شاھ بولسا، دائىم ئەيش-ئىشرەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەزالىددىن بىلەن ناسىرىددىن سۇلتان سۇلايمان شاھقا ئېيتىپ گەرد بازۇنى تۇتۇش ئۈچۈن مىكر قىلىش كويىدا يۈرەتتى. بىر كۈنى سۇلتاننى گەردبازۇغا مېھمان بولغىلى ئېلىپ باردى. چۈنكى مۇشۇ سەۋەب بىلەن بىر بانا تېپىپ ئۇنى تۇتماقچى بولۇشتاندى. بىراق مەقسىتىگە يېتەلمىدى. چۈنكى گەردبازۇنىڭ لەشكىرى كۆپ ئىدى. ھەمىشە ئېھتىيات يۈزىسىدىن لەشكىرىنى سارايىدا ياتقۇزاتتى. ئاخىر ئاتابېك ئەلدەگىز ۋە مەلىك ئارسلاننى گەردبازۇنى بىرىپ -- تۇتۇپ كېلىشكە مايىل قىلدى.

سۇلايمان شاھ ھەمىشە شارابخورلۇق بىلەن بولۇپ كېتىپ، خەلقنى ئايرىلىپ قالغاندى. ئۇمەرالارمۇ خىزمىتىگە كېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇمەرالار مەسلىھەت قىلىپ ئاتابېك ئەلدەگىز ۋە مەلىك ئارسلانغا:

« بىز گومراھلار (يولدىن تازغان، تونۇشتارلار) نەرپىدىن

ھەرقانداق رەنج-مېھنەت يەتكەن بولسا، ئەپۇ قىلغايسىزلەر. سۇلايمان شاھنى چەندان رازىلىق ۋە خۇرسەنلىك بىلەن كەلتۈرگەندۇق، بىراق ئەھۋالى يوقىرقىدەك. ئۇنى تۇتۇپ خوراسانغا ئەۋەتىبەكچىمىز. قالغان ھۆكۈم سىزلەردىندۇر.» دېگەن سۆز بىلەن كىشى ئەۋەتكەندى. ئۇلاردىن:

«ئەجەبا، سىزلەر سۇلايمان شاھتىن بىزار بولۇپ، باشقا بىر پادىشاھنى ئىختىيار قىلساڭلار، يەنە كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ خوراسانغا ئەۋەتسەڭلەر... قانچىلىك ئەمىن بولارسىزلەر؟ ئۇ لەشكەر تارتىپ كەلسىغۇ ماڭا دۇرۇس بولاتتى. ئۇنى تۇتۇپ تۇرغايسىزلەر.» دېگەن جاۋاب كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇلايمان شاھ بىزدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قېچىپ كەتىسۇن، دېگەن ئەندىشە بىلەن خاتىرجەم بولالماي، ھەر كېچىسى ھەر جامائەدىن ھېسابسىز ئاتلىقلارنى چىقىرىپ، قورال-ياراق بىلەن ئەتراپنى ساقىسدى.

بەس، مەلىك ئارسلان ئاتابېك ئەلدەگىز بىلەن يېتىپ كەلدى. مەلىك ئارسلان تەختكە ئولتۇردى. سۇلايمان شاھنى تۇتۇپ بەندكە تارتتى ۋە ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس كىشى قويدى.

بىر ئايدىن كېيىن مەلىك ئارسلان ئاتابېك بىلەن ئىسپاھانغا بارماقچى بولۇپ، سۇلايمان شاھنى «قەلئەيى ئەلائىددىن» گە ئەۋەتتى. ئۇ شۇ يەردە ئۆلدى. بۇرادىرى سۇلتان مەسئۇد مەشرىقتە دەپنى قىلدى. ئۇ (سۇلايمان شاھ ئالتە ئاي پادىشاھ بولدى. قىرىق بەش يىل ئۆمۈر كۆردى. چىرايى قىزىلغا مايىل كۆكۈش، شاقىلى ئوتتۇرا ھال، بويىنى قىسقا، بويى ئېگىز، باداڭ قۇرساق كىشى ئىدى. ۋەزىرلىرى-شەھابىددىن سەقى، مەھمۇد بىننى ئابدۇل ئەزىز ھامىدى، مۇزەففەرىددىن ئەرغۇۋانلار ئىدى.

* *

رۇكنىددىن ۋە ئەددۇنيا ئارسلان بىننى توغرۇل بىننى مۇھەممەد بىننى مەلىك شاھ -سۇلتان ئارسلان پادىشاھ ئىدى. ئۇ خۇش چىراي، ياخشى خىسلەتلىك، خۇش پېئىل ۋە سېخىي، كەمتەر كىشى ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن ناخۇش سۆز ئاڭلىمىغان ۋە ھېچ خىزمەتكار ئۇنىڭدىن جاپا ۋە خارلىق كۆرمىگەنىدى. ئۇ خىراج ۋە مائاش، خاس خەزىنە دېگەنلەردىن خەۋەرسىز؛ ئەمما زاھىد (زاھىد- دۇنياۋىي ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچى، شەيخ.) ۋە ئابىد، (ئابىد- ئىبادەت قىلغۇچى) ئەۋلىيا-مەشايىخ (مەشايىخ- شەيخلەر) لارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلارغا ياخشى كىيدۈرۈش ۋە يېدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ياخشى كىيىملەر ۋە ماتا (ماتا-مال، ئەشيا، ماتالارنى خەلققە بەخشىش (بەخشىش-بېرىش، ئاتا قىلىش، ئىنئام قىلىش) قىلاتتى. ھېچ پادىشاھ كىيمىگەن ۋە بەخشىش قىلمىغان ماتالارنى كەرەم قىلاتتى. ئۇنىڭ مەجلىسىدە شاراب ۋە سۆھبەت كامالىغا يېتەتتى. ئەمما كىشىنىڭ بىھۇدە ۋە نامۇۋاپىق سۆزلىرىگە ھەرگىز قۇلاق سالماس؛ ھېچكىمدىن يامان ھەرىكەت (دۈشمەنلىك) ۋە جەۋر تاپماس ئىدى.

ئاتىسى سۇلتان توغرۇل ئۆلۈپ بىر يىلدىن كەمرەك ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۇنى سۇلتان سەئىد مەسئۇد بىننى مۇھەممەد رەھىمتۇللاھ ئەلەيھى تەربىيەت قىلىپ، مەكتەبكە بېرىپ ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋالغانىدى. تارىختىن بەش يۈز قىرىقتا ئۇنى قەلئە قاراۋۇلى بىلەن باغداتتىن ۋە ئەزەربەيجاندىن لەشكەر يىغىش ھەم ھەمەداندىن تۇرابىنى چىقىندۇرۇش ئۈچۈن «قەلئەيى بەكرىيەت» كە-باغدات ۋالىسى ئەمىر ھاجى مەسئۇد قېشىغا ئەۋەتتى. ھاپىز كۆتۋال (قەلئە ۋە شەھەرنىڭ مۇناقىچى ئەترەتلىرى باشلىقى) ئىدى. ئۇلارنى توققۇز يىل تۇرغۇزدى. شۇڭغىچە ئۆزگىچە ئەھۋال يۈز بەرمىدى.

سۇلتان مەسئۇد ئۆلدى. مەلىك شاھ بىننى مۇھەممەد بىننى مەھبۇد ۋەلىي ئەھد (تەخت ۋارىسى) سۇلتان مەسئۇدقا داماد (كۈيئوغۇل) ئىدى. خاسبەك ئارسلان بىننى بەلەنكىرنىڭ سۆزى بىلەن خۇدىستاندىن كېلىپ تەختكە ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئەمىر ھاجى مەسئۇد باغداتتىن قېچىپ كەلگەنىدى. ئۇ سۇلتان مەھمۇدتىن ئىجازەت ئېلىپ باغداتقا بېرىپ، ھىندى ۋىلايىتى بىلەن باغداتتىن دۈشمەننى خالاس قىلىپ، شۆھرەت تاپماق ئۈچۈن سۇلتانغا:

«بىزگە بىر پادىشاھ بولماي چارە يوقتۇر. ئەگەر ئەمىرۇل-مۇئمىنىن (مۇسۇلمانلار ئەمىرى) ئۆزى ئاتلانسا، ئۇمەرالار قول قويۇشتۇرۇپ تۇرالماس. «قەلئەيى بەكرەيستە ئىككى پادىشاھ تۇرۇپتۇ. بىر بىزگە ئىجازەت بەرگىن. تاكى خەلىپەنىڭ تاقابىلىدا ئۇرۇش ئېلىپ بارغايمەن» دېدى.

سۇلتان مەلىك مۇھەممەدنى بەند قىلىپ، ئۆزى ھىسامىددىن ئەلغۇش بىلەن باغداتنى ئالماقتا ھەرىكەت قىلدى. ھۆكۈمرانلىق دېتىنى قىزىتىپ، ئەمىرۇل-مۇئمىنىننىڭ لەشكىرى شىكەست تاپتى. كېيىن ئەلغۇش لەشكىرى شىكەست يەپ قاچتى. ئەمىر مەسئۇد بابىل (ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى باغدات شەھىرىدىن 93 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەدىمي بابىل دۆلىتىنىڭ پايتەختى) ۋىلايىتىگە-ئاتابېك قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ھېسابسىز خەزىنە ۋە زەخىرەسى بار ئىدى. بۇ قاتارلىق خىزمەت ئارقىلىق سۇلتان بىلەن يېقىن دوست بولدى.

مەلىك ئارسلان ئىززەت-ئىكراملار بىلەن ئانىسىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭمۇ ھېسابسىز خەزىنە ۋە زەخىرەسى بار ئىدى. بۇ ئەسنادا ئەزالىددىن ۋە ناسىرىددىننىڭ كىشىسى كەلدى. دەۋر نىشانىسى ئۇنىڭ روزگارىغا مۇلچەلىق ئاتا قىلدى. بەخت-تەخت ئۇنىڭ ھوزۇرىغا باش قويدى.

ۋاقىتكى، ئۇ تۇغ-ئەلەملەر ئارىسىدا پايتەخت ھەمدانغا يۈرۈش

قىلدى. جاھان ئۇنىڭ دۆلىتى ۋە ئىززىتى، تىغ ۋە سىياسىتى ئاستىدا ئاتابېك ئەئزەمنىڭ رايى ۋە مەسلىھىتى بىلەن روناق تاپتى. ئەتراپ ۋە ئالەم ئۇمەرالىرى كېلىپ ياكى نامە ئەۋەتىپ باش قويدى. پۇقرا ۋە ئامما ياخشىلىق ۋە ئادىللىق سايىسىدا ئارام ئالدى. تەختى-سەلتەنەتنى شىۋ يول بىلەن زىننەتلەندى. دىۋان ۋەزىرلىكى خاجە شەھابىددىن مۇھەممەد بىننى ئابدۇل-ئەزىز سەقفە مۇئەييەن بولدى. ئامۇر مەملىكىتى ھەر جەھەتتىن تېنچلىق تېپىپ تەسلىم بولدى. بۈيۈك كىرمانى خاتۇن سۇلتانىنىڭ ئەقدى-گۆھىرى بىلەن زىننەت تاپتى.

تارىخنىڭ بەش يۈز ئەللىك بەشىنچى يىلى سۇلتانى ئالەم ۋە ئاتابېك ئەئزەم سادەدىن ئىسپاھانغا باردى، ئەمىر ئەزالىددىن قىيبار ۋالى ئىدى. ھسامىددىن ئىنانەھ مەلىك مۇھەممەد قېشىغا بارغانىدى. بۇ چاغلاردا ئەزالىددىن قىيمارنىڭ سۇلتان ئارسلاندىن كۆڭلى قېلىپ، ھسامىددىن ۋە ئىنانەھ بىلەن بىر بولۇپ مەلىك مۇھەممەد بىننى توغرۇلغا كىشى ئەۋەتكەنىدى.

سۇلتان ئارسلان، شەرفىددىن گەردبازۇ ۋە ئەمىر ناسىرىددىن ھەمدانغا كەلدى. مەلىك مۇھەممەد بىننى توغرۇل پارستىن يېتىپ كەلدى. ئىنانەھ ۋە قىيمار كابۇل يولى بىلەن ئالدىغا باردى. سۇلتان ئارسلان ۋە ئاتابېك ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، كابۇلغا يېقىن «قەلئەيى بۇرزىن» دا تاقابىل بولۇپ، قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىر مەلىك مۇھەممەد توغرۇل قېچىپ ھودىستانغا؛ ئەزالىددىن قىيمار قومغا؛ ئىنانەھ رەيگە كەتتى. سۇلتان ئاتابېك بىلەن ئىنانەھنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ رەيگە باردى ۋە شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ئاتابېك ئەئزەم مەملىكەتنىڭ تەرتىپى ئۈچۈن ئىران ۋە ئەزەربەيجاندا تۇرۇپ قالدى.

بۇ ئەسنادا مەلىك ئىنجارغا ئىسلام شەھەرلىرىنىڭ (ئىسلام

شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىش) تامايى چۈشتى. ھەرىس (ھەرىس-ئاچكۆز-لۈك، تاماخورلۇق) -ھەۋەس تومۇرلىرى ھەرىكەتكە كەلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىسلام لەشكەرلىرى سۇلتان ئالەم تۇغىنىڭ سايىسىدا، ئاتابېك ئەئزەمنىڭ رايى ۋە مەسلىھىتىنىڭ مەددىتى بىلەن كۇپپارلار دىيارىغا يۈزلەندى. يازات ۋە جىھاد (جىھاد- دىن يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش) ئىلىكى (ئىلىك- قول؛ كۈچ-قۇۋۋەت، غەيرەت--جاسارەت) بىلەن شاھادەت مىكرىنىڭ دۇرجىنى پاك كۆڭۈللىرىگە مەھكەم باغلىدى.

لەشكىرى ئىسلام كۇپپارلار دىيارىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئەمىر ئىنجار، بەدكىردار ئامالسىز جەڭگە چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئاتابېك ئېھتىيات بىلەن ئاقۋېتىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

لەشكىرى ئىسلامغا كۇپپارلار ھۇجۇمى تاقابىل بولالمىدى. بەلكى دىنسىزلاردىن بىر تەنمۇ ئامان قالمىدى. ئىنجار ئىسلامغا ئەسىر بولدى. ئۆلىما-ئۆمەرا ۋە لەشكەرلەر ئۇ يەردىكى خەزىنە ۋە دەپىنە، ئۈسكۈنە ۋە ياراق-جابدۇق، خانىلار (ئۆي-ئىمارەت)نى تالان قىلدى. پاھىشە ۋە شارابخانىلارنى ۋەيران قىلدى. ئىنجار يالىڭاچلىنىپ سارغىيىپ، تىترەپ، تىغى ئابدار (يالتىراق قىلىچ) بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

ئىسلام لەشكەرلىرى جىھاد غەنىمىتىگە مەشغۇل ئىدى. بىدئەتچىلەر پۈرسەت تېپىپ قاچاق لەشكەرلەر بىلەن قېچىپ بېرىپ، تاغ ئۈزەسىدە ئۈچ پەرسەڭ يىراقلىقتا ئۈچ قات قورغان، خىش بىلەن گەجدە بىر گەز سېپىل ياسىدى. ئۇلاغدا تاش ۋە گەج توشۇپ تېزلىك بىلەن ئاز مۇددەتتە ئېگىز سېپىل بەرپا قىلدى. بىدئەتچىلەر ۋە قاچاق لەشكەرلەر شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. پالاخمان، مەنجەنىق تەييارلاپ زەخىرە ۋە مەئاش (تىرىكچىلىككە كېرەكلىك نەرسىلەر) يىغىپ، مۇستەھكەم بولدى. ئاندىن دەرۋازىغا چىقىپ كارناي-سۇناي ۋە ناغرا-دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ، سادانى كۆككە يەتكۈزدى.

سۇلتانى ئالەم، ئاتابېك ئەئزەم ۋە ئۇمەرائى مۇكەررەم جىھاد سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جىھاد ئەگبەرىگە (ئەڭ كاتتا ئۇرۇش، دىن يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەڭ زور ئۇرۇش) يۈزلەندى. تۆت ئايدىن زىيادىرەك مۇددەتتە قەلئەنى ئېلىپ ۋەيران قىلدى. بىدئەتچىلەر تولىسىنى ئۆلتۈردى. ئۇ يەردە پاراۋانلىق ئورناتتى. ئاندىن قەھھاب ۋىلايىتىگە كەلدى. (بۇ جايدا بىر قەلئە بار ئىدى). ئۇ قەلئەنى بەدمەزھەبلەر (غەيرىي مەزھەب، غەيرىي دىندىكىلەر) سۇلتان سەئىددىن مەسئۇد زامانىدا بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا «جەھان كۇشاھ» (جەھان كۇشاھ جەھان كۇشاي-جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى زور پادىشاھ). دەپ ئات قويغانىدى. سۇلتان سەئىد تامام ئۇمەرا ۋە لەشكىرى بىلەن كېلىپ، تاغ ئاستىدا ئىككى-ئۈچ ئاي يېتىپ، مەنجەنىق ۋە پالاخمان ئېتىپ، قەلئەنى ئالاي دەپ قالغاندا، ئۇمەرالار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. شۇ سەۋەبلىك لەشكەرلەر قەلئە ئالدىدىن كۆچۈپ، قورال-ياراق، ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ چېكىنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىدئەتچىلەر يەنە قۇۋۋەت تېپىپ، قەلئە ئەتراپىغا ئىمارەتلەر بىنا قىلدى.

سۇلتان سەئىدتەك پادىشاھ تامام ئۇمەرا ۋە لەشكىرى بىلەن ئۇ قەلئەنى ئىشغال قىلىشقا ئاجىز كەلگەنىدى. سۇلتان ئارسلان بىدئەتچىلەرگە زامان (ۋاقىت-پۇرسەت) ۋە ئامان (ئامانلىق، ئاراملىق) بەرمەي، قەلئەنى ئېلىپ ئۇنىڭغا «ئارسلان كۇشاي» دەپ ئات قويدى ھەمدە مۇسۇلمانلاردىن كۇتۋاللار تەيىن قىلدى.

ئىپتىدائى (باشلانغۇچ) دۆلەت ۋە سەلتەنەتتە بۇ ئىككى غەلىبە-پەتھ ۋە نۇسرەت بىلەن لەشكىرى ئىسلام قۇۋۋەت تاپتى. دۆلىتىنىڭ تۇغى ئېگىز ئۆرلىدى. غەلىبە خەۋىرى ئەتراپ-ئالەمگە يەتتى. دوست-دۈشمەن، يىراق ۋە يېقىن ھەممە سۇلتان ئارسلاننىڭ

پەرمانىغا باش قويدى.

تارىختا بەش يۈز ئەللىك توققۇز ئىدى. (سۇلتان ئارسلان) تامام ئۈممەرا ۋە ئەركانى دەۋلەت (دۆلەت ئەرباپلىرى، ئۇلۇغ كىشىلىرى) بىلەن ئىسپاھانغا كەلدى ۋە بىر يىل تۇرۇپ، ئاندىن مۇرغەزارى ھەزارغا باردى. ئاتابېك زەنگى پارىستىن سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە كەلدى.

خاجە شاھابىددىن سەقىي ھەمەداندا كېسەل ئىدى. جەمادىيەل ئەۋۋەل (5-ئاي)نىڭ يىگىرمە ئالتىسىدە ئۆلدى. ئۇنى ئۇز مەھەللىسىدە-ئۇز ئۆيىدە دەپنى قىلدى. شۇ يىلى شەۋۋال (10-ئاي)نىڭ ئون بىرىدە سۇلتانى ئالەم ۋە ئاتابېك زەنگى مۇرغەزار قارا تەگىنگە كېلىپ چۈشتى. شۇ يىلى، يەنى زۇلقەئىدە (11-ئاي)نىڭ يىگىرمە بىرى ئىدى. ئەمىر ناسىرىددىن ئاغۇش ھەمەداندا ئۆلدى. ئاندىن كېيىن ھەمەداندىن قوزغىلىپ رەي تەرىپىگە يۈزلىنىپ، داچىسغا كېلىپ چۈشتى.

تارىخنىڭ بەش يۈز ئاتمىش بىرىنچى يىلى، ماھى مۇھەررەم (1-ئاي)نىڭ ئون تۆتى ئىدى. ئەمىر ئەزالىددىن ۋاپات بولدى. ماھى سەپەر (2-ئاي)نىڭ يەتتىسى دۈشەنبە كۈنى فەخرىددىن ئىسمى ۋە مەئىنىددىن سۇلتان خىزمىتىگە ھەمەداندىن سادەگە كەلدى. ۋەزىرلىك فەخرىددىنگە مۇقەررەر بولغانىدى. شۇ چاغلاردا سادەدە قاتتىق بوران چىقىپ، مۇنارلارنىڭ ئۇچىنى ئۇچۇرۇپ، چېدىر ۋە ئىمارەتلەرنى ئۆرۈۋەتتى. ھېسابسىز خارابىلىق پەيدا بولدى. ئاندىن رەيگە يۈزلەندى. سۇلتان سەپەر ئېيى (2-ئاي)نىڭ ئون سەككىزى ئازنى كۈنى رەي شەھىرىگە كېلىپ ئەمىر سارايىغا چۈشتى. فەخرىددىن كاشىنى ۋەزىر قىلدى.

جەمادىيەل-ئەۋۋەل (5-ئاي) نىڭ تۆتى چارشەنبە كۈنى شەرقىددىن گەردبازو گۈمبىزى شەھەنشاھتا قازا قىلدى. ئۇستىخىنىنى

(مىيتىنى) ھەمىدانغا ئېلىپ بېرىپ مەدرىسىسدە دەپنە قىلدى.
ئاتابېك ئەئزەم ئۈچ كۈن تەئزىيەت تۇتتى. تامام ئۇمەرالار ھازىر
بولدى.

ئىنانەھ مازەندەران (ئىراننىڭ شىمالىدا، كاسپى دېڭىزىنىڭ
جەنۇبىدىكى رايون) پادىشاھىنىڭ پاناھىدا ئىدى. جەمادىيەل
ئەۋۋەلنىڭ ئون بىرى، چارشەنبە كۈنى سۇلتان رەيدىن چىقىپ،
ئىككى يولنىڭ ئارىسىغا چۈشتى. شۇ كۈنى شاھى مازەندەران ۋە
ئىنانەھنىڭ ئەلچىسى كەلدى. ئىنانەھ رەيگە بېشىنماس خىيالدا
ئىدى. گەرد بازۇنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ، سۆزدىن يېنىپ ئەلچى
ئەۋەتكەنىدى. ئۇ نۆۋەت ئەلچىلەرنىڭ سۆزى ماقۇل بولماي ياندى.
جاۋاب مۇنداق ئىدى:

«ئىنانەھ مازەندەران شاھىنىڭ خىزمىتىگە قانائەت قىلسۇن!»

رەجەب ئېيى (7-ئاي) نىڭ يەتتىسى سەيشەنبە كۈنى سۇلتان
ئانىسى ۋە تامام ئۇمەرا، سىپاھ سالار (باش قوماندان) كىبەر
مۆزەففەرىددىن ۋە قىزىل ئارسلان لەشكەر گاھتىن كۆچۈپ نەھجان
تەرىپىگە يۈرۈپ «بالايى تەيران» غا كېلىپ چۈشتى. رەجەب
ئېيىنىڭ ئون بىرى، شەنبە كۈنى ئاتابېك ئەئزەم ئۇمەرالار بىلەن
فىروزە تېغىغا كەتتى. سۇلتان، «دۇلاب» تا ماكان تۇتتى. ئىنانەھ
ئەلچىلەرنىڭ سۆزى بىلەن نائۈمىد بولۇپ، مەددەت تېلىمەك ئۈچۈن
خارەزم شاھىنىڭ قېشىغا باردى. سۇلتان يەنە ھەمەدانغا كەلدى.
ئاتابېك ئەزەربەيجانغا كېلىپ، رەيىنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۇمەر ئەلگە
بەردى ۋە ئىنانەھ لەشكىرىدىن خاتىرجەم بولالماي، «قەلئەيى
تەبەررۇك» نى ياساپ، ئىمارەتلەر قىلىپ، زخىيرە ۋە مال-دۇنيا
يىغىپ قەلئەنى مەھكەم قىلدى.

تارىختا بەش يۈز ئانبىش ئىككى ئىدى. سۇلتان مۇرغەزار
شىرۇھتا كەلدى. ئىنانەھ خارەزم شاھتىن لەشكەر ئېلىپ، ئىراقتا

يۈزلىنىپ، نەچچە كۈن «قەلئەيى تەبەررۇك» نى مۇھاسىرە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۈمىدى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ چاغدا ئۆمەر ئەلى ئاتابېكتىن ياردەم تىلەپ نامە ئەۋەتكەنىدى. ئىنانەھ قەلئەنى تاشلاپ بەھرۇ زەنجانغا يۈرۈش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خارەزم شاھ لەشكىرى ئىنانەھكە باقماي يېنىپ كەتتى.

سۇلتان شىرۇھتىن زەنجانغا يۈرۈش قىلدى. ئاتابېك ئەئزەم ھەم يېقىنلاپ يېتىپ كەلگەنىدى. ئۆمەر ئەلى ئاتابېكنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى. ئىنانەھ خەۋەر تېپىپ ئەبھەردىن ياندى ۋە خارەزم فەردىنگە بېرىپ، ھېسابسىز مۇسۇلمانلارنى تالان قىلىپ، ئىككى مىڭغە يېقىن تۆگە ئېلىپ خوراسان تەرىپى بىلەن خارەزمگە يۈرۈش قىلدى، سۇلتان، ئاتابېك ۋە ئۆمەرالار ئارقىدىن قوغلاپ رەيگە باردى. ئىنانەھ كورگانغا كەتتى. سۇلتان شۇ قىش رەيدە توردى. تارىخنىڭ بەش يۈز ئاتمىش ئۈچى باھار پەسلىدە نەفلى بەندانغا كەلدى. ئاتابېك ئەزەربەيجانغا ياندى. قىش پەسلىدە سۇلتان سادەگە كەلدى.

ئۆمەر ئەلدە قەلئەنى تۇتۇشتىن سىرت، يەنە بىرەر شەھەرگە خىراجەت قىلىپ، ئىككى يول ئارىسىدا بىر شەھەر بىنا قىلىپ، قارشى باش كۆتۈرۈپ چىقىش ھەۋىسى پەيدا بولدى. سۇلتان خەۋەر تېپىپ ئۇنى مىكر بىلەن قېشىغا چىرلدى. ئۆمەر ئەلى ۋە مۇئىن سادەگە كەلدى. ئەتىسى سۇلتانغا كۆرۈنۈش قىلىپ، سارايدا-خىلۋەتتە ئولتۇرغانىدى. سۇلتان:

«ئۇنى تۇتۇپ بەندكە تارتىڭلار!» دەپ ئەمىر قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ خەزىنە-دەپىنە ۋە ئۆي-خانىلىرىنى تالان قىلدى. قەلئەنى خاجە ئەزالىدىنگە بەردى. ئاندىن ھەمىدانغا باردى. زىمستاندا يەنە سادەگە كەلدى.

ئىنانەھ سۇلتاننىڭ ئۆمەر ئەلنى تۇتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ

رەيگە يۈرۈش قىلدى. شاھى مازەندەران مەدەت تىلەپ ھېسابسىز لەشكەر ئېلىپ كەلدى.

ھاجىب كىبىرى نەسرىددىن ۋە جەمالىددىن قاتارلىق ئۈمەرالار سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇلار رەيگە باردى. ئىنانەھ بىلەن جەڭ قىلىپ لەشكىرى ئىنانەھكە شىكەست بەردى. ئەمما لەشكەرلەرنىڭ بىتەرتىپلىكىدىن سۇلتانغا ۋەھىم چۈشتى. ئۈمەرالار قايتتى. سۇلتان ھەم سادەدىن ئۈمەرالار بىلەن ھەمەدانغا باردى.

ئىنانەھ رەيدىن سادەگە، ئاندىن تا ھورۋۇفانغىچە كەلدى. ئىنانەھ شەھەرنى مەھكەملەپ، قورال-ياراق ۋە مەنجەنىقلەرنى تەييار قىلغاندى. بىراق تامام خالايىق قوزغىلىپ ئاتابېكنىپ ئالدىغا چىقتى. ئىنانەھ خىجىل بولۇپ ئەھد قىلىپ، قەسەم ئىچىپ سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە چىقتى. سۇلتان ئۇنى ئېلىپ شەھەرگە ياندى. ئەتىسى سۇلتان قىشىغا چاقىرتىپ ئىزدەمشتۇرگەندى، ئىنانەھنى تورانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى بىر چىدىردىن ئۆلۈك ھالەتتە تاپتى.

بەس، تامام ۋىلايەت تەسلىم بولدى. سۇلتان رەيگە كېلىپ، خاراب بولغان قەلئەلەرنى نەسرىددىن بىننى ئاتابېككە بەردى. ئۇ قەلئەدە ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۆمرىنى ئالاھەزەل ئۈچ يىل شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ ئۆلدى. سۇلتان يەنە بىر ياردەمچىسىدىن ئايرىلدى.

تارىختا بەش يۈز ئاتمىش بەش ئىدى. سۇلتان سادەدىن ئانىسى، تامام ئۈمەرا ۋە ئەركانى دەۋلەت بىلەن ئىسپاھانغا كەلدى. خاجە جەلالىددىن بىننى قەۋامىددىننى ۋەزىر قىلدى. ئۇ سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن ئىسپاھانغىچە بىللە كەلدى. تامام ۋەزىرلىك ھېسابىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، مۇۋاپىق پەيتتە ئاتىسىنىڭ سارىيىغا چۈشتى. سۇلتان باھار پەسلىدە كىرمانغا كېلىپ، مۇرغەزارى ئىشانغا چۈشتى. بوستاندا (ياز پەسلىدە) ئاندىن ھەمەدانغا باردى. تامام مەملىكەت

ئشى شۇ تەرىقىدە ئىنتىزام تاپتى. سۇلتان زىمىستاندا يەنە سادەگە كەلدى. گاھى ھەمىداندا، گاھى باھار پەسلىدە «مۇرغەزارى لەئلى بەندان» (يايلاق، باغ)دا گاھى «مۇرغەزازى سەرس» (قورغان، قەلئە)دە بولدى. ئاخىر تارىخنىڭ بەش يۈز ئاتمىش سەككىزى، تەبرىز (ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ نامى)دە- سەئىد ئابادنى ماكان قىلدى. شۇ يىلى ئابدۇل-ئەزىز قەلئەدە بىننى دەرنى چاپتى.

سۇلتان ھەمىدانغا كەلدى. مەلىك ئەنجار ئەزەربەيجانغا يۈرۈش قىلىپ، ھېچ يەردە تۇرماي مۇرغەزارى پارس بازىرىغا باردى. ئاتابېك ئەئزەم ۋە ئەمىر ھاجىب كەبىر، ئەمىر مۇزەففەرىددىن، قىزىل ئارسلان شۇ يەرگە كەلدى. ئۇلار سۇلتاننى لەشكەر بىلەن ئەنجار ئۆزەسىگە بېرىشقا مەسلىھەت قىلىشتى. ئارىلىق ئۈچ كۈنلۈك يول ئىدى. سۇلتان بىتاب بولۇپ قالدى. ئىككى-ئۈچ كۈن ساقلىغان بولسىمۇ، ياخشى بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتاننى ئانىسى بىلەن قەلئەگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزگە ساھىب ۋە لەشكەرلەر تامام ئەنجارىغا باردى.

سۇلتاننىڭ كېسىلى ئۇزاققا تارتتى. شۇڭا قىرىق كۈندىن كېيىن دەريايى ئەرەس (ئەزەربەيجاندىكى بىر دەريانىڭ نامى) لېۋىگە كەلدى. بۇ يەردە لەشكەرگە ۋابا تەككەندى. يۈزدىن بىرىمۇ ساقايمىدى. تالايلىرى ھالاك بولدى. سۇلتان ھەم ساقىسىز ئىدى. نەھجانغا كەلدى. قالغان ئاغرىق لەشكەر يولدا ئۆلۈپ تۈگىدى. ئەنجارىلار تار-جىرالارغا يوشۇرۇنغانىدى. ئاتابېك ئەئزەم لەشكىرى كېلىپ شەھەر-قەلئەلەرنى تالان قىلىپ ئوت قويدى. ئاندىن قايتىپ نەھجانغا كەلدى. سۇلتان نەھجاندا ئەللىك كۈن تۇرۇپ، پادىشاھ ۋە ئۇمەرالىرىغا تون كىيدۈرۈپ، ھەمىدانغا يۈزلىنىپ تەبرىزگە يەتكەندە ئانىسىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى. سۇلتاننىڭ

ئانىسى نەھجاندا قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان يەنە ھەمدانغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى. بۇ شۇ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مەملىكەتنىڭ قائىدە-نىزامى بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. بىر ئايدىن كېيىن ئاتابېك سەئىدنىڭ ھەم نەھجاندا ئۆلگەن خەۋىرى كەلدى. ئۇنىڭ مېيىتىنى ھامدانغا كەلتۈرۈپ مەدرىسىسىدە دەپنە قىلدى.

سۇلتاننىڭ كېيىنكى ئۇزاقتا سوزۇلدى. تارىخنىڭ بەش يۈز يەتمىش بىرى جەمادىيەل-ئەۋۋەل (5-ئاي) دە ئەمىر سەيىد كەبىر فەخرىدىدىننىڭ سىڭلىسى پانىبەنى نىكاھ قىلىپ، جەمادىيەل-ئاخىر (6-ئاي)نىڭ بېشىدا سۇلتاننى ئۇنىڭ سارىيىغا ئېلىپ باردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن سۇلتان ۋاپات بولدى. ئۇ قىرىق ئۈچ ياشتا ئىدى. ئون بەش يىل يەتتە ئاي ئون بەش كۈن پادىشاھ بولدى. ئۇ قىزىل يۈزلۈك ۋە خۇش چىراي، ساقىلى ئۇزۇن، پالۋان سۈپەت كىشى ئىدى. ۋەزىرلىرى- شەھابىددىن ئوبۇلقاسىم، ئابدۇلئەزىز سەقىي، ھامىدى جالالىددىن بىننى قەۋامىددىن ئەسابادى. فەخرىددىن بىننى مەئىنىددىن؛ ياساۋۇلى-ئۇزەفقەرىددىن بازۇ ۋە مۇھەممەد بىننى ئېلدەگىز؛ باش قوماندانلىرى مۇزەففەرىددىن، قىزىل ئارسلان بىننى ئىلدەگىز ئىدى.

*　　*　　*

* * *

بايان قىلىنىشىچە، سۇلتانى ئەئزەم رۇكنىددىن ۋە ئەددۇنيا ئەبۇ تالىب توغرۇل بىننى ئارسلان بىننى توغرۇل بىننى مۇھەممەد بىننى مەلىك شاھ بىننى ئالىپ ئارسلان بىننى جەئفەربەگ بىننى مىكائىل بىننى سەلچۇق — سۇلتان توغرۇل پادىشاھ ئىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ شاھانە سارىيىدا تۇغۇلغان، سائادەت مۇھتىدا پەرۋىش تاپقان، ھېچبىر ھەرىكەت قىلماستىنلا مەملىكەتكە ئىگىشكەن ۋە سەلتەنەت تاجىنى كىيگەن؛ جاھاندارلىق رەنجىنى كۆرمەي شەھەرلەر ۋە مەجلىسلەر قۇرۇپ خەزىنە، مال-دۇنياغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ مۇنچە ئىززەت ۋە دۆلەت بىلەن جاھان تۇتۇپ مەملىكەتنى شادلاندۇرغان، ئالەمنى بېزىگۈچى تەگدىشى يوق خاقان ئىدى.

ئۇنىڭغا ئەجەم-ئاتابېك ئەئزەمنىڭ بەرىكىسى، رايى ۋە تەربىيەسى كۈچ-قۇۋۋەت بەردى.

سۇلتان توغرۇل ئۆپچۆرە- ئەتراپتىكى تەۋە ساھەبىلەرنىڭ ئىسايىتىنى قولغا ئېلىپ، دۈشمەنلىرىنى كۆزىگە ئىلماي، قەدىر-قىممىتىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، قۇدرەتلىك خۇداۋەندە كەرىمگە ئىشىنىپ، بىر-ئىككى ئايدا ئىككى مەرتىۋە جاھانگىرلىك قىلدى: بىر مەرتىۋە پارسقا، يەنە بىر مەرتىۋە ئەزەربەيجانغا لەشكەر تارتتى. ئىككى ئىقلىم (مەملىكەت) تەسلىم بولدى. ھەر دىيار پادىشاھىنى ئۆزىنىڭ مۇلازىمىتىگە ماقۇل قىلدى. ھېچ ئۇمەرانىڭ مەدىتى ۋە ياردىمىنى ئالماي ۋە مۇھتاجلىق تارتماي، قانائەت ھاسىل قىلدى.

كۆردىكى، دۆلەت ئۇنىڭ تىغىغا بويسۇنغان، بەخت ئۇنىڭ ئۆزەڭگىسىگە باش قويغان ۋە ئىختىيارىغا ئۆتكەن، جاھان ۋە زامان ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپ، چارىسىز ۋە ئاجىزلىق بىلەن قۇللۇقنى قوبۇل قىلغانىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ۋاپا يولىدا مەھكەم تۇردى. ھېچ ئۇمەراغا قەھر-غەزەپ، زۇلۇم-مۇشەققەتنى راۋا كۆرمىدى. بىھايەت

ئۇلۇغ سۆزلەر، ئىھسان ۋە نىمەتلەر بىلەن مېھرىۋانچىلىق كۆرسىتىپ، ھەر كۈنى مائاش ۋە نەمناتنى زىيادە قىلدى. ھەر ئىشتا ئۇلارنىڭ يامان قەست ۋە ئادەتلىرىنى ئېتىبارغا ئالىدى. بۇنىڭدىن مەقسەد:

«تاكى ھەممىسى ئەيش-ئىشرەت ۋە يۈكسەك ئورۇن، دەرىجە-مەرتىۋە بىلەن ئامانلىق تاپتاي؛ دۆلتى ۋە كامال-نېمىتىنىڭ زىيادە بولۇشىنى بۈيۈك تەڭرىدىن تىلىگەيلەر؛ بۇ ئەدل-ئىنئام، لۇتۇ ۋە ھىممەتنىڭ تەقازاسى بىلەن، تامام جاھان ئىللىمنى تا ئىختىيارىغا ئېلىپ، زامان ئۇنىڭ تەخت پەرمانىغا بويسۇنغاي؛ پادىشاھ جەمشىد(58)ھاتەم ۋە رۇستەم(59)نىڭ دۆلتى ۋە ئۆمۈر-ھاياتىغا مۇرادى رام بولغاي؛ پادىشاھلىق نىشانىسى ۋە جاھاندارلىق تەرتىسى ئۇنىڭدىن يادىكار قالغاي»-مانا بۇ دۆلەتنىڭ ئۇلۇغى-ئاتابېك ئەئزەمنىڭ راي ۋە تەدبىرىدۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇمەرالار شاھنىڭ دەرگاھىغا تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇللۇق قىلدى. چۈنكى، ياخشى خىسلەت ۋە كامالەت، ئەقىل-پاراسەت، يارىتىلىش، ئىلىم-ھېكمەت ۋە ئادالەت بابىدا ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ ھېچ پادىشاھ ئۇنىڭدەك ئەمەس ئىدى.

تەڭرىتائالا ئۇنىڭغا خەلقپەرۋەرلىك، دوستلۇق، جەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش، قورال-ياراق ئىشلىتىش، يىگىتلىك ۋە ھۆكۈمرانلىق قاتارلىق ھۈنەر-سەنئەتنىڭ ھەممىسىنى ئىنئام قىلغانىدى. شۇ قاتارلىق خىسلەت، ياخشى ئادەت، يېتىلىشلىق ئۇنىڭدا كامالىغا يەتكەنىدى. ئاقىللار پەم-پاراستى ئۇنىڭ ئىدراكىدىن ئاجىز ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرى پەقەت ئەل ئاغزىدا نەقىل قىلىنغىنى ئېچىدىكى ھەر مىڭدىن بىرىدۇر. قالدىسى جاھانغا باقىيدۇر. مەزكۇر تارىخنىڭ ئاخىرى ۋە داۋامى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەقتائالانىڭ مەدىتى ئارقىلىق ياخشىلار تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كېلىپ، تا كېيىنكى زامانلاردا بەندىلەرگە يەتكەي ۋە ئوقۇپ ئىشىتكەي. نەزم:

گەرچە ھەجرىلىك (1) ئادە ئۆرتەنىپدۇرمەن،
تەڭرىگە تاپشۇرۇپ كېتىپدۇرمەن.
دىلبەرىلىك ۋەسلى بىرلە بولغىل شاد،
ماڭا فۇرقەت (2) ئەزابى، سەن ئازاد.

(1) (ھەجر-ئايرىلىق، جۇدالىق)
(2) (فۇرقەت-ئايرىلىق، جۇدالىق)

خاجە ئىمام زۇھۇرىددىن نىشاپۇرى ئەۋلادى سەلجۇقنىڭ بايانىنى ۋە تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى مۇشۇ يەرگىچە يەتكۈزگەنىكەن.
ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم بۇ تارىخنى ئاخىرلاشتۇرماقنى نىيەت قىلىپ، سۇلتان توغرۇل دەۋرىنى تا ئاخىرىغا يەتكۈزگەن: خاقە ئىمام زۇھۇرىددىن سۇلتان توغرۇلنىڭ دەۋرىدە كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرگەنىكەن.

* * *

تارىخنىڭ بەش يۈز توقسان توققۇزى، مۇھەممەد بىننى ئىبراھىمنىڭ بايان قىلىشىچە، سۇلتان سەئىد رۇكنىددىن توغرۇل پادىشاھ ئىدى. ئادىللىق ۋە سىياسەتلىكتە ئەۋلادى سەلجۇقتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى؛ تەڭرىتائالا كامال-خۇلق، تامام ھۇنەر، ئەقىل ۋە ئادىللىقنى ئۇنىڭدىن ئايىمىغانىدى. باتۇرلۇق، مەردانىلىك ۋە شىجائەتتە رۇستەم زامانىدەك؛ ئادالەت، دانىشمەنلىك، يېتۈكلۈك ۋە ساخاۋەتتە يىگانە ئىدى. ئالىملارنى دوست تۇتقۇچى، دەرۋىشلەرنى ياخشى كۆرگۈچى، دۈشمەنلىرىگە قەھر-غەزەپ ئوقىنى ياغدۇرغۇچى كىشى ئىدى.

ئاتابېك سەئىد شەمسۇددىن مۇھەممەد بىننى ئېلدەگىزنىڭ ھاياتلىقىدا پۈتكۈل خەلق ھوزۇر-راھەتتە ئىدى. تارىخنىڭ بەش يۈز سەكسەن بىرى زۇلھەججە ئېيى (ئۇن ئىككىنچى ئاي)دا ئاتابېك ئادىل (ئاتابېك سەئىد شەمسۇددىن مۇھەممەد بىننى ئېلدەگىز) رەي شەھرىدە ۋاپات بولدى. بۇ چاغلاردا سۇلتان توغرۇل سادەدە ئىدى. بەزى ئۇمەرالار: جەمالىددىن ئەي ئەي، سەيفىددىن رەئۇس ۋە جەمالىددىن ئارىيە ئىسپاھاندا-قەتلىغ ئىنانەھ خىزمىتىدە ئىدى.

سۇلتان نىيەت قىلدىكى. ئەيش-ئىشرەت ۋە ھوزۇر بىلەن ئۆتكۈزگەن مەملىكەت ئىشىنىڭ ئورۇنسىز، نا توغرا كەتكەن تەرەپلىرىنى ئورنىغا كەلتۈرۈش ۋە جاھانگىرلىك يولىدا ئورۇش قىلىش نىيىتىگە كەلدى. سۇلتاننىڭ ئۆيىچە، بۇ پادىشاھلىق تەرىقىسى ئىدى. ئاتابېك قىزىل ئارسلان ھەم بۇنىڭغا رازىلىق بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇمەرالارغا كىشى ئەۋەتتى. ئاتابېك قىزىل ئارسلان ھېسابسىز لەشكەر بىلەن ھەمەدانغا كەلدى. لەشكەرنى باغ-بوستان، راۋاق-گۈمبەزلەرگە چۈشۈرۈپ، ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. بۇ ئەھۋالدا ئىراقنىڭ چېقىمچى ۋە پىتنە پاساتچىلىرى سۇلتانغا گەپ توشۇپ، سۇلتاننى بەدگۇمان قىلىپ قويدى. بۇ چېقىمچى، پىتنە پاساتچىلارنىڭ سۆزى بىلەن ئارىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. ئاتابېك قىزىل ئارسلان سەلتەنەتنى تامام ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىۋالدى. سۇلتاننىڭ قولىدىن سەلتەنەت ئىشى ئۇچۇپ كەتتى. سۇلتاننىڭ بەزى خاس كىشىلىرى مەھبۇس قىلىنىپ، سۇلتاننى تەڭلىكتە قالدۇردى. ئۇمەرالىرىدىن جەمالىددىن ئەي ئەي ۋە سەيفىددىن رەئۇسبۇ سۇلتانغا قارشى باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

ۋاقىتكى، ئاتابېك قىزىل ئارسلان سۇلتاننى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ (جەمالىددىن ئەي ئەي ۋە سەيفىددىن رەئۇسنىڭ) ئارقىسىدىن

سادەگە باردى ۋە ئاتابېك ئۇ يەردە ئىنانەھنىڭ قىزىنى ئالدى. ئاندىن رەيگە باردى. سۇلتان ئۇز خاسلىرى بىلەن بىر كېچە يۈرسەت تېپىپ، يوشۇرۇنچە سەمنانغا-ئايىي رەئۇس قېشىغا باردى. ئاتابېك لەشكىرى بىلەن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. سۇلتان دەمخاندا بىر تاغ ئارقىسىغا بېرىپ مەھكەم بولدى ۋە نەچچە كۈن جەڭ قىلدى. بىر كۈنى ئاتابېك لەشكەرنىڭ (سۇلتان لەشكىرىنىڭ) تولىلىقىدىن شىكەست تېپىپ رەيگە ياندى. سۇلتاننىڭ دەمغان دېپ بىر كەنتى بار ئىدى. ئۇ ئېمىتكەن ئانىسىنىڭ (ئىنىك ئانىسىنىڭ) كەنتى ئىدى. بۇ كەنتتە بەد مەزھەبلەر (غەيرى دىندىكلەر، غەيرى مەزھەبتىكلەر) تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قورغىنىنى ئېلىپ ۋەيران قىلدى. ئاندىن مازەندارانغا باردى. پادىشاھ مازەنداران ياخشى خىزمەتتە بولغاندى، بىراق بۇ يەردىبۇ چېقىمچى، پىتنە پاساتچىلار گەپ توشۇپ، سۆز يەتكۈزۈپ، ئارىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ، سۇلتاننى ۋەھشى، قورقۇنچلۇق قىلىپ كۆرسەتكەنلىكتىن، شاھ مازەنداران بىر كۈنى سۇلتانغا جەڭ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئاتلىنىپ شاھ مىزران يولى بىلەن سەمنانغا كەلدى. شاھ مازەنداران ھەيران بولۇپ، ئارقىدىن كىشى ئەۋەتىپ ئۆزرىلا ئېيتىپ، ھەقتىن بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى.

ئاتابېك تارىخىنىڭ بەش يۈز سەكسەن ئۈچى رامىزان ئېيى (9-ئاي)دا ھەمدانغا كەلدى. ئۇمەرائى ئىراق ئاتابېك بىلەن قارشىلىشىپ، لەشكەر يىغىپ، سۇلتانغا كىشى ئەۋەتتى. ئاتابېك ئۇمىدسىزلىنىپ ئەزەربەيجانغا يۈرۈش قىلدى. تامام ئەسۋاب، ئۆي-جاي، مال-مۈلۈك ھەمداندا قالدى. ئۇ چاغدا ئەمىر ئەبۇبەكرى مەرۋى شەھرىدە ئىدى. سىراجىددىن قىيبار رامزاننىڭ توققۇزى تېزلىك بىلەن ئىسپاھاندىن ھەمدانغا كەلدى. قەتلىغ ئىنانەھ ئەزەربەيجاندىن رەيگە كەلدى. ئەمىر ئەبۇ بەكرى قايتىپ

«قەلئەيى بوستان» غا كەلدى. رامزاننىڭ ئون تۆتى ئىدى. ئەزىزىددىننى ۋەزىر قىلدى. سىراجىددىن قىيمار ئەبۇبەكرى بىلەن بىرلىشىپ ئەزەربەيجانغا يۈرۈش قىلدى. زىمىستان ئىدى. سۇلتان سادەگە كەلدى. ئەمىر ئەلەم ھەمەداندا ئىدى. ئەمىر ئەبۇ بەكرىنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، تارىخنىڭ بەش يۈز سەكسەن تۆتى جەمئىي يىگىت ۋە بۈزرۈگزادىلەر بىلەن بىر كۆنلۈك يول يۈرۈپ كەھرىگە باردى. يوللارنى توسۇپ ئەمىرئەلى ئالپىنى تۇتۇپ، نۇرغۇن يىگىت ۋە بۈزرۈگزادىلەرنى ئۆلتۈردى.

باھار پەسلى بولدى. قەتلىغ ئىنانەھ رەيدىن سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە كېلىپ، ئەزەربەيجانغا يۈرۈش قىلدى. سەپەر ئېيى (2-ئاي)نىڭ ئاخىرى ئىدى. «ئاتابېكنىڭ لەشكىرى غەراۋان بىلەن ۋەزىر خەلىپەنى باشلاپ پادىشاھلىق قەستىدە كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. لەشكەر ئاز ئىدى. سۇلتان سەفىد ئاباد جىگىرىسى بىلەن قېچىپ دىبىرمەھكە كەلدى ۋە باغدات لەشكىرىگە شىكەست بېرىپ، ۋەزىرنى تۇتۇۋالدى. قاچانكى، باغدات لەشكىرىنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرى ئاتابېككە يەتتى. شۇڭا ئۇ تېزلىك بىلەن ئاتلاندى.

بەس، سۇلتان ھەمەدانغا كەلدى. ئاتابېك بىر مەنزىلگە يېتىنلاپ كەلدى. سۇلتان «راۋىقى ھەمەدان» غا چۈشتى، ئاتابېك «راۋىقى كۆھەن» گە چۈشتى. بىر ئاي جەڭ قىلدى. ئاخىر ئاتابېك لەشكەرلىرى تەڭتىس بولدى. شۇنىڭ بىلەن يېنىپ سەفىد ئابادغا كەتتى. سۇلتان جەمادىيەل-ئەۋۋەل ئېيى (5-ئاي)دا ئايىبى ۋە ئارىيەنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. چۈنكى سۇلتان ئۇلار ئۈستىدىن غەلبە قىلغانىدى. بۇ سەۋەبتىن قەتلىغ ئىنانەھ ۋە ئەلادىننىڭ كۆڭلىدە خۇسۇمەت ۋە دۈشمەنلىك پەيدا بولدى. قەتلىغ ئىنانەھ سۇلتاندىن بىرۇخسەت رەشىدكە باردى ۋە ئارقىدىن سىڭلىسى مەراقىب خاتۇننىڭ

مەراقىب خاتۇننىڭ جابدۇق، ئۆي-بىساتىنى ئەۋەتىپ، ئەلادىنغا ئىلتىپاتلار قىلىپ سەرۇپاي، شاھانە ئات-ئۇلاغ ھەدىيە قىلىپ، ئوغلانلىرىدىن بىرىنى بەردى. ئاندىن ئەزەربەيجانغا باردى. كېيىن شاھ ئەزەمەننىڭ خىزمىتىگە كەلدى ۋە ئەمىر توغىنى قەلئەدىن خالاس قىلدى.

ئاتابېك رەجەب ئېيى (7-ئاي)دا لەشكىرى باغدات بىلەن ھەمەدانغا كېلىپ، سەنجەر بىنىنى سۇلايمان شاھ نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ شاھلىق كەمەرىنى باغلىدى. نەچچە كۈن ئۆتتى. ئاتابېك بىلەن لەشكىرى باغدات ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتابېك ئەزەربەيجانغا كەتتى. باغدادىيلار باغداتقا ياندى. سۇلتان ئىراقتا يۈزلەندى. قاچانكى، زىمىستان بولدى، زۇلھەججە ئېيى (12-ئاي)نىڭ يەتتىسى ئىدى. ئەزىزىددىننى ئىككى ئوغلى ۋە قەتلىغ تەشتىن بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرىدى. قەتلىغ ئىنانەھ شۇ مەزگىلدە رەيدىن بارلىق لەشكىرى بىلەن ئىسپاھانغا كەلدى. ئەزدەمىرنىڭ ئوغلى ئىسپاھاننىڭ پاسىبانى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن شەھەر دەرۋازىسى (شەھەرگە كىرىش ئېغىزى)دا نەچچە مۇددەت جەڭ قىلدى. ئەزدەمىرنىڭ ئوغلى سۇلتانغا نامە ئەۋەتتى. سۇلتان زىمىستان بولغانلىقتىن ياردەمگە بارالمىدى.

تارىخنىڭ بەش يۈز سەكسەن بەشى، سەپەر ئېيى(2-ئاي) ئىدى. (قەتلىغ ئىنانەھ)ئەزدەمىرنىڭ شەھىرىنى ئېلىپ، ئۇنى (ئەزدەمىرنى) ئۆلتۈردى.

باھار بولدى، سۇلتان ئىسپاھانغا يۈرۈش قىلىپ، يېتىلاپ كەلدى. قەتلىغ ئىنانەھ لەشكەر بىلەن ئالدىغا ئاتلاندى. بىراق قەتلىغ ئىنانەھ كونا ئاغرىقى تۇيەيلىدىن ئارا يولدىن لەشكىرى بىلەن قايتىپ ھەمەدانغا كەلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئاتابېك قىزىل ئارسلان يېتىپ كەلدى. ئىسپاھان شاھى سۇلتان زۇرۇرىيەت يۈزىسىدىن

ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقتى. ئاتابېك كېلىپ سۇلتاننى تۇتتى.

تارىختا بەش يۈز سەكسەن ئالتە ئىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن سۇلتاننى ئوغلى مەلىك شاھ بىلەن ئەزەربەيجانغا ئەۋەتىپ، كوھراندا مەھبۇس قىلدى. ئىراق زېمىنى ئاتابېككە ئۆگچە قالدى. سەلتەنەت ئەۋلادى سەلجۇقتىن بۆتكۈلۈپ ئاتابېككە بەرقارار بولدى. ئاتابېك ئەسۋابى سەلتەنەتنى تەخ قىلىپ، تارىخنىڭ يۈز سەكسەن يەتتىسى شەۋۋال ئېيى (10-ئاي)دا ھەمدانغا كەلدى.

بىر كۈنى ئاتابېك قىزىل ئارسلاننى ئۆلۈك ھالەتتە تاپتى. شۇ كېچە ئاتابېك ئەبۇبەكرى ئەزەربەيجانغا كەتكەنىدى. تەزىيە بىلدۈرۈشتى.

قەتلىخ ئىنانەھ ئانىسى بىلەن رەيگە كەلدى. لەشكەر ئىشى ئۇمەرالارنىڭ ئىختىيارىدا قالدى.

باھار پەسلىدە قەتلىخ ئىنانەھ يەنە ھەمدانغا قايتىپ كەلدى. لەشكەرلەر قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى.

بەدرىددىن قاراكۆز ئاتابېكى ھەمدانىڭ ۋالىسى، موجىددىن ئەلىيول-دەۋلەئى لەشكەر بېشى ئىدى. (ئىككىيلەن) كېلىشەلبەي، موجىددىن قارىنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولۇپ، «قەلئەيى ھامدان» نى ياسىغانىدى. بۇ مەھەلدە «سۇلتان توغرۇل قەلئەدىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارالدى. بەدرىددىن قاراكۆز خەۋەرنىڭ راست-يالغىنىنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلىمەستىنلا موجىددىننى شەھەردىن قوغلاپ چىقارماق ئۈچۈن نىيەت قىلدى. مەھەللە يەكسان قاراكۆز تەرىپىگە ئۆتتى. ئۆزگە مەھەللىلەر موجىددىنغا يۆزلەندى. تۆت كۈن جەڭ قىلدى. شەھەردە زىلزىلە پەيدا بولۇپ، يەر تەۋرىدى. ئاخىر ئۇلۇغلار بىر يەرگە يىغىلىپ جەڭدىن قول يىغدى.

ۋاقىتكى. ئاتابېك قىزىل ئارسلاننىڭ ئۆلگەن خەۋىرى ئەزەربەيجاندا

ۋاقتىكى، ئاتابېك قىزىل ئارسلاننىڭ ئۆلگەن خەۋىرى ئەزەربەيجاندا پاش بولدى. «تەلئەيى كۆھران» نىڭ كۆتۈۋالى مەھمۇت ئاتا بەدرىددىن زەرمارى بىلەن بىرلىشىپ سۇلتاننى مەھبۇسلۇقتىن خالاس قىلدى. ئاندىن تەبرىزگە كەلدى. ئەتراپ-ئۆپچۆرىدىن لەشكەر يىغدى. ئاندىن ئىككى-ئۈچ مىڭ ئاتلىق بىلەن ئىراقتا يۈزلەندى. نۇرىددىن قارا قىزدىن كېلىپ قوشۇلدى. ناسىرىددىن ئۆمەر، شەرفىددىن دەۋلەتئى ھەر تەرەپتىن چىچىلىپ كەتكەن لەشكەرلەرنى يىغىپ كەلدى. قەتلىخ ئىنانەچ شۇ كۈنى ئون ئىككى مىڭ مەردانە شىردىل ئىشىر يۈرەك، ۋە پالۋان-باتۇرلار بىلەن بۇلارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

تارىخنىڭ بەش يۈز سەكسەن سەككىزى جەمادىيەل-ئاخىر (6-ئاي) نىڭ ئون بەشى ئازنى كۈنى شەھرى قىزدا جەڭ قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە سۇلتان زەپەر تاپتى. قەتلىخ ئىنانەچ قېچىپ رەيگە كەتتى. سۇلتان ھەمدانغا كېلىپ يەنە لەشكەر توپلىدى.

بايان قىلىنىشچە، سۇلتان مەھبۇس بولۇپ، ئاتابېك قىزىل ئارسلان تەختكە ئولتۇرغاندا، خارەزم شاھى ئەلچىدىن بىننى ئارسلان خەۋەر تېپىپ، ئەۋلادى سەلچۇقنى، يەنى سۇلتاننى ئۆز ئورنىدا قويۇش نىيىتىدە بولغانىدى. ئەمما بۇرادىرى سۇلايمان شاھتىن ئېھتىيات قىلىپ تەخىر قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىر سۇلايمان شاھ قايتىشىدىن كېيىنلا، ئاندىن خارەزم شاھى مەدەت تېپىپ، سۇلتانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىراقتا يۈرۈش قىلىپ رەيگە كەلگەندە، سۇلتاننىڭ مەھبۇسلۇقتىن خالاس بولۇپ، ئۆز لەشكىرىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلدى. بىراق بۇ چاغدا قەتلىخ ئىنانەچ رەيدە ئىدى. سۇلتاننىڭ لەشكىرى جەمادىيەل-ئەۋۋەل (5-ئاي) دا رەيگە كېلىپ يۈتۈنلەي دېگۈدەك «قىلتاق» قا دەسسەپ يامان ھالغا چۈشۈپ قالدى. خارەزم شاھ ئەھۋالنىڭ ئۆزگىچە ۋە ئىشنىڭ باشقىچە ھەمدە

سۇلتان لەشكىرىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:
«شاھلىق خۇتبەسى خارەزم شاھنىڭ نامىغا بولغاي» دېگەن تاما بىلەن، سۇلتانغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئارىدا ئەلچىلەر نەچچە مەرتىۋە يۈرۈپ، ئاخىر مەسلىھەت:
«خارەزم شاھ نىيىتىدىن ياندىغان، سۇلتان بىلەن ئىتتىپاق تۇزۇشكە ئەھد قىلدىغان» بولۇپ قارار تاپتى. ئۇ چاغدا جەمائىتى ئەبابەكىيان، قاراخان ۋە قاراگىرىيان خىرمان ۋىلايىتىدە ئىدى. قاچانكى، خارەزم شاھ قايتىش بىلەن جامائەت ئەھدىنى بۇزدى ۋە گۇمان قىلىپ ئارقىدىن باردى.
سۇلتان قەتلىغ ئىنانەھنىڭ ئانىسىنى نىكاھىغا ئالدى. ئاندىن «قەلئەيى سەرجەھان» دىن ھەمدانغا كەلدى. قەتلىغ ئىنانەھ ھەم ئەزەربەيجاندىن ھەمدانغا باردى. ھەممە ئەتراپتىن لەشكەر ئۇنىڭغا يۈزلەندى. بۇرادىرى ئاتابېك ئەبۇبەكرىنىڭ مەدىتى بىلەن ئۇچ-تۆت مەرتىۋە جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە ئاتابېك ئەبۇبەكرى زەپەر تاپتى.
تارىخنىڭ يۈز سەكسەن توققۇزى ماھى مۇھەررەم (1-ئاي) ئىدى. تامغان شاھ بىننى مويىد خارەزم شاھتىن شىكەست يەپ قېچىپ سۇلتان قېشىغا كەلدى. ماھى رەبىئۇل ئەۋۋەل (3-ئاي) دە مەئىيىنددىن ۋەزىرنى تۇتتى. چۈنكى ئۇ باغداتقا نامە ئەۋەتكەنىدى.
خارەزم شاھنىڭ ئەھدنى بۇزغانلىق خەۋىرى سۇلتانغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان رەيگە بېرىپ خارەزملەرنى تۇتتى ۋە خارەزملەرنىڭ قەلئەسىنى ۋەيران قىلدى. ئاندىن سۇلتان يەنە مەئىيىنددىننى ۋەزىر قىلدى.
سۇلتان ۋەزىرنى، پادىشاھ شەبنى رەيدە قالدۇرۇپ، ئۆزى ھەمدانغا كەلدى.
قەتلىغ ئىنانەھ ئەزەربەيجاندىن قەزۋىن (ئىراننىڭ غەربى

قىسمىدىكى قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ نامى)گە كېلىپ، مۇزەففەرىيەتتىن باردار بىلەن ئىشتىياق تولۇپ رەيگە يۈرۈش قىلدى. پادىشاھ كېچىدە ۋەزىر سادە بىلەن ھەممىدانغا كەلدى. سۇلتان ئەمىر ئەلەم بىلەن بەش مىڭ ئاتلىقنى ماھى شەۋۋال (10-ئاي)دا رەيگە ئەۋەتتى. قەتلىغ ئىنانەھ ئۇلاردىن شىكەست يەپ دەمغانغا كەتتى. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئەمىر ئەلەم كېسەل بولۇپ قالغاندى، قەتلىغ ئىنانەھ يەنە كېلىپ ئەمىر ئەلەم بىلەن جەڭ قىلدى. بىراق يەنە مەغلۇپ بولۇپ جورجانغا كەتتى. سۇلتان رەيگە كەلدى. نەچچە كۈندىن كېيىن مەئىنددىن ئەبۇ بەكرىگە خارەزم لەشكىرىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشتى. مەئىنددىن ھەر ئېھتىمالغا قارشى تۇساتتىن يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولىدا لەشكەرلەرنى دائىم دېگۈدەك ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشقا ئېتىبارسىز قارىشاتتى. ئاخىر بەزى ئۇمەرالار كېلىشكە تەرغىب قىلىپ خارەزم شاھقا نامە ئەۋەتتى. ناگاھ، تارىخنىڭ بەش يۈز توقسىنىنچى يىلى رەبىئۇل-ئەۋۋەل (3-ئاي)نىڭ ئاخىرى-پەيشەنبە كۈنى خارەزم شاھ ھېسابسىز لەشكىرى-قوشۇن بىلەن رەي دەرۋازىسىغا كېلىپ توختىدى. سۇلتان توغرۇل ئۆزىنى چاغلىيالماي ۋە ياكى قازادىن قۇتۇلالماي، ئازغىنە لەشكەر بىلەن تاقابىل بولدى. ئۆزىنىڭ نام-نەسەبىنى پەش قىلىپ، ئۆزىنى لەشكەرگە ئۇرۇپ جەڭگە تۇتۇندى. ھېچبىر ئۇمەرا ۋە لەشكەر ماسلاشمىدى ياكى نەسىھەت قىلىپ توسمىدى. سۇلتان بىر نەچچە خاس كىشىلىرى بىلەن لەشكەر ئارىسىدا قالدى. ۋاقتىكى، خارەزم شاھ سۇلتاننى تۇتتى. قۇدرەت ۋە دۆلەت، نام ۋە نەسەب ئەجەلگە ھېچبىر دالدا بولالمىدى.

ئىراقىيلار (ئىراقلىقلار) خارەزم شاھقا سۇلتاننى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەت كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار سۇلتان توغرۇلنىڭ

بېشنى كېسىپ، تېنىنى رەي شەھرىدە-بازار «رودى زەرد» تە دارغا ئاستى. بېشنى باغداتقا ئەۋەتتى. شۇندىن كېيىن راھەت، ئاسايىش ۋە پاراۋانلىق، ئادالەت تۇغىدى. قەدىمكى پادىشالاردىن رۇستەم سۇپەت ۋە راست سۆزلۈك بۇزۇرگلار ئۇنىڭ مەرسىيىسىدە تۆۋەندىكى ئىككى بېيىتنى نەقىل كەلتۈرگەن. نەزم:

شاھا بۇ جەھان كۆڭلى ساڭا بەسى تەڭدۇر (1)
فىروزەئى چەرخ (2) كۆركى رەڭگارەڭدۇر.
باشىڭ تۈنۈكۈن فەلەككە تا بىر گەز ئىدى،
تېنىڭ باشىڭغا بىر فەرسەڭ (3) (ئولدى).

(1) (تەڭ-تار، قىستاڭ.)
(2) (فىروزەئى چەرخ-كۆك رەڭلىك ئاسمان.)
(3) (ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.)

قالغانلارنىڭ ئەھۋالىغا تۆۋەندىكى ئىككى بېيت نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

نەزم:

ئەمدى بۇ زەمان خەلقى ئىبرۇر رەڭگارەڭ،
دارى دەۋرۇئۇ ۋەرائول ھەمدى، قىلىنچ-
يوقتۇر ھەممە جەڭ.
ئىنساف ئىلە ئەدل ئورنىدا جەۋرۇ سىتەم،
يارەب، بۇ جەھان خەلقىغە بولماسدۇر تەڭ.

* * *

ھەممدىن تۆۋەن تورغوچى كەم ئەقىل كاتىپ موللا ھۇشۇر بىننى موللا مۇشتىرى بىننى موللا شەمس (كاتىپ)نىڭ ئەيىپ-- نۇقسانلىرىنى ئاللا كەچۈرگەي.

بۇ كىتاب ھىجرىيە 1257-يىلى (مىلادىيە 1841-1842)چارشەنبە كۈنى تاماملاندى.

تامام

*   *   *

ھىجرىينىڭ 1315- (مىلادىيە 1897-1898)توشقان يىلى سەپەر ئېيى (2-ئاي)نىڭ يەتتىسىدە مۇھەممەت تۆمۈر خەزىنىچى بەگ خوجام كەمىنە پېقىر، ھەممدىن تۆۋەن تورغوچى شاگىرت 80ياشلىق موللا مۇھەممەتكە ئۇشبۇ «تارىخىي تەبەرى» نى:

«بۇ كىتاب ناھايىتىمۇ چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. تۈپلىنىپ قالسا (ياخشى بولاتتى)» دەپ تاپشۇرغانىدى. بۇ كىتاب جەمئى ئەللىك توققۇز باب، تۆت يۈز يەتمىش ئىككى ۋاراق بولۇپ، ئۇنى رەتلەپ مۇقاۋىلاپ چىقتىم. ئاخىرقى مۇشۇ بەتتىكى يېرتىلىپ، ئۆچۈپ كەتكەن خەتلەرنى يېزىپ تولۇقلاپ قويدۇم.

كىمكى بۇ كىتابنى ئوقۇسا، شۇبۇ كىتابنى رەتلەپ،تۈپلەپ بېكىتلاپ چىققان كەمىنە موللا مۇھەممەتنى ئۆز دۇئالىرىغا خېرىدار قىلغاي.

## ئىزاھات

(1) سەلچۇقبەگ-دەقاق خاننىڭ ئوغلى («ئىزاھات(4)» كە قاراڭ). ئۇ 910-يىلى 25يېشىدا سۇ بېشى (910-990) بولغان. تارىخي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سەلچۇقبەگ ناھىيىتى قابىلىيەتلىك، باتۇر، ئەقىللىق، خۇش خۇي، مەرت يىگىت بولۇپ، قوشۇنلار ئۇنى ناھىيىتى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ھەر قانداق بۇيرۇقلىرىغا شەرتسىز بويسۇنىدىكەن. خەلقمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئوغۇز يابغۇسى سەلچۇق سۇ بېشىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشكەن. سەلچۇقبەگ ئۆزىگە كېلىدىغان بۇ خەۋپنى ئالدىن سېزىپ، ئوغۇز تۈركمەنلىرىگە باش بوغلوق قىلىپ، مىلادىنىڭ 915-يىلى يۈز ئاتلىق يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر مىڭ بەش يۈز تۆگە، ئەللىك مىڭ قوينى ئېلىپ، ئىسلام دىيارىغا-سىر دەريانىڭ ئاياق ئېقىمىدىكى «جەند» رايونىغا كەلگەن ۋە شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغان.

سەلچۇقبەگ مىلادى 885-يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىنىڭ 1000-يىلى 115يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(2) ئەمما بەئدۇ-چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە، كۆپىنچە ئالدى بىلەن ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىلىپ، رەسۇلۇللاھ سۈپەتلىنىدۇ. ئاندىن مۇشۇ سۆز ئېيتىلىپ، ئارقىدىنلا ئاپتور دېمەكچى بولغان مەزمۇن باشلىنىدۇ. بۇ ئىبارە ھازىرقى تىلىمىزدىكى «مەقسەتكە كەلسەك» سۆزىنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش.

(3) تەۋھىد-تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا: ھەقىقەتكە يېتىشىش، كىشى روھىنىڭ ئىلاھ، ئىلاھىي روھ بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشى؛ سوپىلىقنىڭ بەشىنچى دەۋرى.

(4) دەقاق-سەلجۇقبەگنىڭ ئاتىسى. ئۇ ئوغۇزلار مىلادىنىڭ 850-يىللىرىدىن باشلاپ (850-يىلدىن 965-يىلغىچە) ھازارلار (ھازار خانلىقى شەرقىي ياۋروپادا مىلادى 468-يىلدىن 965-يىلغىچە 497 يىل ھۆكۈم سۈرگەن)غا بويسۇنغاندا، ھازار قاغانلىقىدا يابغۇ بولغان.

(5) تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سەلجۇقبەگنىڭ ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ (مىلادىنىڭ 990-يىلدىن 1025-يىلغىچە يابغۇ بولغان)، مىكائىلبەگ (مىلادىنىڭ 998-يىلى ئۆلگەن)، مۇسا ئىنانچ يابغۇ (مىلادىنىڭ 1028-يىلدىن 1032-يىلغىچە يابغۇ بولغان)، يۇسۇف ئىنالبەگ (مىلادىنىڭ 994-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) قاتارلىق تۆت ئوغلى بار ئىدى. ئوغۇزلار سىر دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى «جەند» شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا ياشىغان چاغلاردا، ئوغۇزلارنىڭ پائالىيىتىگە ئوغۇزلارنىڭ مەشھۇر بېگى-سەلجۇقبەگ-نىڭ ئەنە شۇ ئوغۇللىرى يېتەكچىلىك قىلاتتى. مىلادىنىڭ 990-يىلى سەلجۇقبەگنىڭ ئوغۇللىرى ئوغۇز خانلىقى (مىلادىنىڭ 990-يىلدىن 1040-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى تەشكىل قىلدى. ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يەنكەنت (يانگى كەنت) ئوغۇز خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى. شۇ چاغلاردا ئوغۇزلارنىڭ سانى مىليونغا يېتىپ، ناھىيىتى جەڭگىۋار كۆچكە ئايلانغانىدى. سانى مىليونغا يېتىپ، ناھىيىتى جەڭگىۋار كۆچكە ئايلانغانىدى.

(6) سۇلتان مەھمۇد (سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى)-غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ مىلادىنىڭ 997-يىلدىن 1030-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن سۇلتانى. سۇبۇق تېكىن (غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىغا مىلادىنىڭ 977-يىلدىن 997-يىلغىچە سۇلتان بولغان)نىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى سۇبۇق تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تەخت ۋارىسى بولۇپ 27 يېشىدا غەزنەۋىلەر تەختىدە ئولتۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ

ملادىنىڭ 963-يىلى ئالپ تېگىن ئاساسىنى سالغان دۆلەت ئۆزىنىڭ پايتەختى غەزنە شەھىرىنىڭ نامى بىلەن غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى دەپ ئاتالغان.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى غەزنەۋىلەر تەختىگە ئولتۇرۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 999-يىلى 11-ئايدا سۇلتان ئۇنۋانىنى ئالغان. باغدات خەلىپىسى قادىر (991-1031) سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىگە ئۇنۋان ۋە تاج يوللاپ، ئۇنى «دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى ۋە دىندارلارنىڭ تايانچىسى» دەپ ئاتىغان.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىلەرگە سۇلتان بولغان مەزگىللەردە تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ شەرقىي ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىغىچە، غەربىي ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن خارەزمگىچە سوزۇلغان. غەزنەۋىلەر دەۋرىدە گۈللىنىپ، سەلجۇقلار دەۋرىدە تېخىمۇ يۈكسەلگەن ئىران ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ ئۇلۇغ دەۋرىنى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى باشلىغان، مەشھۇر «شاھنامە» داستانى ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغاندى. ئۇ ملادىنىڭ 1030-يىلى 5-ئاينىڭ 26-كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

(7) ئىسرائىل (ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ)-سەلجۇقبەگنىڭ ئوغلى. ئۇ ئوغۇزلارغا ملادىنىڭ 990-يىلدىن 1025-يىلغىچە يابغۇ بولغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئىسرائىل ئارسلان يابغۇغا ناھىيىتى ياخشى ۋەدىلەرنى قىلىپ خەت يازغان. سۇلتان مەھمۇدقا ئىشەنگەن ئىسرائىل ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ غەزنىگە بارغان. ئىسرائىل غەزنىگە بارغان ھامان تۇتقۇن قىلىنىپ، بىر قىسىم ئوغۇز بەگلىرى بىلەن ھىندىستاندىكى مۇستەھكەم قورغانلارنىڭ بىرى بولغان كالانجىر قورغىنىغا قامالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يەردە (ملادىنىڭ 1025-يىلى) ئۆلگەن. ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغۇزلارغا يۈسۈف ئىنانچ

(سەلچۇقبەگنىڭ ئوغلى مۇسا ئىنانچىنىڭ ئوغلى) يابغۇ بولغان. بۇ چاغلاردا ئوغۇزلارنىڭ پائالىيىتىگە ئاساسەن سەلچۇقبەگنىڭ نەۋرىلىرى-چاغرىبەگ بىلەن توغرۇلبەگ (بۇلار سەلچۇقبەگنىڭ ئوغلى مىكائىلبەگنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى) يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىغانىدى.

(8) خوراسان-شەھەر نامى. ئافغانىستاندا. قەدىمكى زاماندا ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، ئافغانىستاننىڭ غەربىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ خوراسان دەپ ئاتىلاتتى. «خوراسان» پارسچە «خور» (قو-ياش ياكى شەرق تەرەپ) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

(9) قۇلتەمىش (قۇتالمىش-قۇتالمىشبەگ) -ئىسرائىل ئارسلان يابغۇنىڭ ئوغلى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قۇلتەمىش شەرقىي ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا يەتمىش مىڭ ئاتلىق قوشۇن بار ئىدى. ناھىيىتى ئۇرغۇن كۈچ توپلىغان قۇلتەمىش سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى تېھراننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن 1064-يىلى سۇلتان بولغىنىغا نەچچە ئايلا بولغان ئالپ ئارسلانغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئالپ ئارسلان چاغرىبەگ (مىكائىلبەگنىڭ چوڭ ئوغلى) نىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ سۇلتان توغرۇلبەگ ئالەمدىن ئۆتۈپ يەتتە ئايدىن كېيىن سەلچۇقلارغا سۇلتان بولغانىدى. ئالپ ئارسلان قۇلتەمىشبەگكە مەكتۇپ يوللاپ، ئىسياننىڭ دۆلەتكە ناھىيىتى ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئۇنى بۇ خەتەرلىك يولدىن قايتىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، قۇلتەمىش ئالپ ئارسلاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، تېھران يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن ۋە شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قۇلتەمىشنىڭ ئوغۇللىرى سۇلايمان شاھ، مەنسۇربەگ ۋە ئىنىسى روسۇل ئالپ ئارسلانغا ئەسىرگە چۈشكەن.

(10) سۇلتان مەسئۇد-سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئوغلى.

(10) سۇلتان مەسئۇد-سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئوغلى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سۇلتان مەھمۇد مىلادىنىڭ 1030-يىلى 5-ئاينىڭ 26-كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى (تەخت ۋارىسى) مۇھەممەد بىلەن ئاكىسى مەسئۇد ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى باشلاندى. بۇ كۈرەشتە مەسئۇد غەزنەۋىلەر تەختىنىڭ تەخت ۋارىسى مۇھەممەدنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ تاشلاپ، مىلادىنىڭ 1030-يىلدىن 1041-يىلغىچە غەزنەۋىلەرگە-ئاتىسىنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولغان. مۇھەممەد بىلەن مەسئۇد ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئەينى چاغدا توغرۇلبەگنىڭ خوراساننى بېسىۋېلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەنىدى.

(11) مىكائىل بىننى سەلچۇق (مىكائىلبەگ)-سەلچۇقبەگنىڭ ئوغلى. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مىكائىلبەگنىڭ چاغرىبەگ ۋە توغرۇلبەگ ئاتلىق ئوغۇللىرى بولغان. بۇ يەردە «مىكائىل بىننى سەلچۇقنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىرى جەئفەربەگ ئەبۇ سۇلتان، يەنە بىرى توغرۇلبەگ ئەبۇ تالىب (جغفربگ ابو سلطان طغرلبگ ابو طالب)» دەپ يېزىلغان. بۇ كاتىپنىڭ كۆچۈرۈش جەريانىدىكى سەۋەنلىكمۇ ياكى ئەينى دەۋردە شۇنداق ئاتالغانمۇ، بۇ تەكشۈرۈپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە. بىز يەنىلا قوليازمىنى ئاساس قىلىپ «جەئفەربەگ» بويىچە ئېلىپ تۇردۇق.

(12) جەئفەربەگ ئەبۇ سۇلتان-مىكائىل بىننى سەلچۇق (مىكائىلبەگ) نىڭ ئوغلى، سەلچۇقبەگنىڭ نەۋرىسى. («ئىزاھات (11) گە قاراڭ).

(13) رەي-ئىراندىكى بىر شەھەر. سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ مىلادىنىڭ 1040-يىللىرىدىكى پايتەختى. مىلادىنىڭ 1040-يىللىرى ئوغۇزلار خانى سەلچۇقنىڭ نەۋرىسى توغرۇلبەگ يېتەكچىلىكىدىكى ئوغۇزلار نىشاپور، مەرۋى شاھ جاھاننى ئىگىلەپ تۇرۇپ، كۈچلۈك

سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. خوراسان ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040-يىلى تالقاندا بولغان جەڭدە غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەسئۇدنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىرانغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، رەي شەھرىنى بېسىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى.

(14) سەلجۇقلار 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا شەرقتە ئىمپېراتورلۇق قۇرغان تۈرك جەمئىيىتى (كۆپىنچە ئوغۇزلاردىن تەركىب تاپقان بۇ جەمئىيەت ئىچىدە باشقا تۈرك قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى). بۇ جەمئىيەت (سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسى) ئوغۇز باش بوغلىرىدىن بولغان سەلجۇقنىڭ نەۋرىلىرى تەرىپىدىن 11-ئەسىردە قۇرۇلۇپ 12-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاخىرلاشقان (مىلادى 1037-يىلدىن 1157-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تۈرك-ئىسلام دۆلىتىنىڭ نامى.

ئوغۇزلار دەندانقان ( « ئىزاھات (17) » گە قاراڭ) ئۇرۇشىدا سۇلتان مەسئۇدنى تارمار قىلىپ، دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، دۇنيادا، تەخمىنەن 120 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلدى. توغرۇلبەگ بىلەن چاغرىبەگلەر (سەلجۇقبەگنىڭ نەۋرىلىرى) بۇ يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتكە چوڭ دادىسى سەلجۇقبەگنىڭ نامىنى قوللىنىپ، «سەلجۇقلار دۆلىتى» دەپ نام قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئوغۇزلار سەلجۇقلار دەپ ئاتىلىپ، ئۇلار قۇرغان دۆلەت «سەلجۇقلار دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى باشتا نىشاپور بولدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي پايتەخت تېھرانغا كۆچۈرۈلدى.

(15) بۇ دەل مىلادىنىڭ 1037-يىلى-دۆلەت قۇرۇشى سەلجۇقبەگنىڭ نەۋرىلىرى بېشىغا قونغان يىل بولدى. ئۇلۇغ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇياشى شۇ يىلى چىققانىدى.

مىلادىنىڭ 1037-يىلى توغرۇلبەگنىڭ ئاكىسى چاغرىبەگ (سەلچۇقبەگنىڭ نەۋرىسى، مىكائىلبەگنىڭ ئوغلى) خوراساننىڭ ئەڭ مەشھۇر، مەدەنىيەتلىك، باي شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان مەرۋى شاھ جاھاننى بېسىۋالدى. شۇ چاغدا «مەلىكۇل-مۇلك-پادىشاھلار پادىشاھى» ئۇنۋانىنى ئالغان چاغرىبەگنىڭ نامى مەرۋى شاھ جاھاننىڭ مەسچىتلىرىدە قۇتبىدا ئوقۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا، يەنە ئامۇ دەريانىڭ سەل جەنۇبىغا جايلاشقان بەلخ ئوغۇزلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مىلادىنىڭ 1038-يىلى نىشاپور بېسىۋېلىندى. توغرۇلبەگ (سەلچۇقبەگنىڭ نەۋرىسى، مىكائىلبەگنىڭ ئوغلى) «سۇلتان» ئۇنۋانىنى ئالدى. ئۇنىڭ نامى قۇتبىدا ئوقۇلدى. توغرۇلبەگنىڭ سۇلتان ئۇنۋانىنى ئېلىشى دۇنياۋى دۆلەت بولغان غەزنەۋىلەرنىڭ ھالاكىتىدىن دېرەك بېرەتتى.

(16) غەزنەيىن-غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ پايتەختى. بۇ سۇلالە (غەزنەۋىلەر سۇلالىسى) مىلادىنىڭ 997-يىلى سۇلتان مەھمۇد بىننى سۇبۇق تېكىن تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، پايتەخت غەزنە شەھىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مىلادىنىڭ 1050-يىللىرى سەلچۇقلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

(17) دەندالقان (دەندانقان)-مەرۋى شاھ جاھان بىلەن سىراكس ئارىلىقىدىكى بىر تۈزلەڭلىكنىڭ نامى. قوليازمىدا «دىندالقان» - يېزىلغىنى ئۈچۈن شۇ بويىچە ئېلىندى.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040-يىلى 5-ئاينىڭ 22-كۈنى مەرۋىدىن چىقىپ ئون ئالتە مىڭ ئاتلىقتىن تەركىب تاپقان ئوغۇز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، مەرۋى شاھ جاھاندىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەندالقان مەيدانىغا كەلگەن. شۇ چاغدا ئوغۇزلارنىڭ ئىزىنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان سۇلتان مەسئۇدمۇ ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە ئۈچ يۈز

جەڭ پىلدىن تەركىب تاپقان ناھىيىتى زور كۈچ بىلەن دەندالقان مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندى. شۇنداق قىلىپ ئىككى قۇدرەتلىك قوشۇن مەرۋى بىلەن شەرخىل (سىراكس) ئارىلىقىدىكى دەندالقان مەيدانىدا بىر-بىرىگە قارشى سەپ تارتىشتى. مىلادىنىڭ 1040-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى ئوتتۇرا ئەسىر دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ،قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان «دەندالقان ئۇرۇشى» باشلاندى. بىرلەشمە جەڭ باشلانغان چاغدا سۇلتان مەسئۇد قوشۇنى دەسلەپ غەلىبىگە ئېرىشتى. لېكىن كەچتە سەلچۇقلار ئۇلارنىڭ بارگاھلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. سۇلتان مەسئۇد مىڭ تەسلىكتە ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىپ، مارۋارۇت دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گور رايونى ئارقىلىق غەزنەيىنگە قايتتى.

تارىخي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشچە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ناھىيىتى نۇرغۇن قان تۆكۈلگەن بولسىمۇ، سەلچۇقلار دۇنياۋىي شانلىق غەلىبىگە ئېرىشتى. غەزنەۋىلەرنىڭ خوراساندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ شان-شۆھرىتى ۋە قۇدرىتى تۈگىدى.

جەڭ ئاياقلاشقاندىن كېيىن توغرۇلبەگ جەڭ مەيدانىغا تەختنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خوراساننىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى شۇ تەختكە چىقىپ جاكارلىدى.

سۇلتان مەسئۇد دەندالقان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھىندىستانغا چېكىنىپ، شۇ يەردە يىغىدىن قوشۇن توپلاپ، سەلچۇقلارغا قارشى ئۆچ ئېلىش ئۇرۇشى قىلماقچى بولغانىدى. ئۇ شۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىدىدە، ئائىلە-تاۋابىتلىرىنى ۋە يېتەرلىك ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق دۇنيا-دەپىنىلىرىنى ئېلىپ، غەزنىدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ھىندىستاندىكى سىند ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە،

ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى يۈز ئۆرۈپ، سۇلتانىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا دۇنيا-دەپىنىلىرىنى بۇلاپ-تالىدى. سۇلتان مەسئۇدنى تۇتۇپ باغلىدى. قاماقتا ئۇيانغان سۇلتان مەسئۇد 1041-يىلى (دەندالقان ئۇرۇشىدىن يەتتە ئاي كېيىن) ئۆلتۈرۈلدى.

(18) مۇسا بىننى سەلچۇق (مۇسا ئىنانچ يابغۇ)-سەلچۇقبەگنىڭ ئوغلى. مىلادىنىڭ 1028-يىلىدىن 1032-يىلىغىچە ئوغۇز خانلىقىغا يابغۇ بولغان.

(19) مەرۋ (مەرۋى شاھ جاھان)-خوراساننىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر، مەدەنىيەتلىك، باي شەھەرلىرىدىن بىرى.

(20) ھىرات-قەدىمىي شەھەر. ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدە. مىلادىيدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن مىلادى 1-ئەسىرگىچە باكتىرىيە سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان. مىلادىيدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. مىلادى 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەرەب خەلىپىلىكى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىيا قىتئەسىدە مۇھىم ئىسلام مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

(21) ئەمىر يەئقۇت (ياقۇتبەگ)-چاغرىبەگنىڭ ئوغلى. چاغرىبەگ دەۋرىدە شەرقىي ئانا دولۇنىڭ باش ۋالىيسى ئىدى. چاغرىبەگ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەزەربەيجانغا باش ۋالىي بولغان.

(22) ئالپ ئارسلان (سۇلتان مەھمۇد ئالپ ئارسلان)-چاغرىبەگنىڭ ئوغلى. ئۇ سۇلتان توغرۇلبەگ ئالەمدىن ئۆتۈپ يەتتە ئايدىن كېيىن (مىلادىنىڭ 1063-يىلىدىن 1072-يىلىغىچە) سەلچۇقلارغا سۇلتان بولغان.

ئالپ ئارسلان سۇلتان بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىچكى جەھەتتە خەتەرلىك بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. يەنى ئۇنىڭ مەرھۇم تاغىسى ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ (مىلادىنىڭ 1025-يىلى ھىندىستاندىكى

كالانجىر قورغىنىدا ئۆلگەن) نىڭ ئوغلى قۇلتەمىشبەگ ئالپ ئارسلانغا قارشى ناھىيىتى نۇرغۇن كۈچ بىلەن ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. ئالپ ئارسلان قۇلتەمىشبەگنىڭ ئىسيانىنى باستۇرغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ گورجىستاننى ئىشغال قىلدى. (بۇ چاغدا ئۇكىسى ياقۇتبەگ يېقىندىن ماسلىشىپ ئەرمەنىستاننىڭ ۋان كۆلى بويىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغانىدى). بۇنىڭ بىلەن، جەنۇبى كاۋكاز سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىندى.

ئالپ ئارسلان مىلادىنىڭ 1065-يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، غەربىي قاراخانىلار بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا ئاساس سالدى. (كېيىن غەربىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى شەمسۇل-مۇلك ئالپ ئارسلاننىڭ قىزى ئايشە خاتۇنغا ئۆيلەنگەن. شەمسۇل-مۇلكنىڭ ھەمشىرىسى توركان خاتۇن ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى سۇلتان مەلىك شاھقا ياتلىق بولغان). مىلادىنىڭ 1067-يىلى خارەزمنى بېسىۋالدى. قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە (مىلادىنىڭ 1064-يىلىدىن 1070-يىلىغىچە) ئەرەب پاتىمە سۇلالىسىنىڭ قولىدىن مەككە بىلەن مەدىنەنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. سۇرىيە بويسۇندۇرۇلدى. ئالپ ئارسلان مىلادىنىڭ 1071-يىلى مالازگىرد ئۇرۇشى (بۇ ئۇرۇش دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان مالازگىرد قورغىنىنىڭ يېنىدا بولغىنى ئۈچۈن، شۇ قورغان نامىدا «مالازگىرد ئۇرۇشى» دېگەن نام بىلەن دۇنيا تارىخىغا كىرگەن)دا شەرقىي رۇما ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ، ناھىيىتى يىراقلارغا سوزۇلدى.

(23) مىلادىنىڭ 1040-يىلى ئوغۇزلار «دەندانقان ئۇرۇشى» («ئىزاھات(17)گە قاراڭ»)دا دۇنياۋىي غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، تەخمىنەن 120 يىل (مىلادىنىڭ 1040-يىلىدىن 1157-يىلىغىچە)

ھۆكۈم سۈرگەن سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلىپ، يېڭى قۇرۇلغان بۇ ئىمپېرىيىگە سەلجۇقبەگنىڭ نەۋرىسى سۇلتان مەھمۇد توغرۇلبەگنى سۇلتان قىلدى.

تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئەسلىدە توغرۇلبەگنىڭ ئاكىسى چاغرىبەگ تولىمۇ ئادىل، جەسۇر ۋە غەيرەتلىك، ناھايىتى سەممىي كىشى بولسىمۇ، لېكىن سۇلتان توغرۇلبەگ سىياسىي-دىپلوماتىيىگە ئۇستا، ئۇرۇش تەجرىبىسىگە باي، تەدبىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى قابىلىيىتى ئاكىسى چاغرىبەگدىن يۇقىرى بولغاچقا، ئوغۇزلار ئۇنى سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزغاندى.

سۇلتان توغرۇلبەگ يېڭى قۇرۇلغان سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن جىددىي تەدبىرلەرنى قوللاندى.

مىلادىنىڭ 1055-يىلى سۇلتان توغرۇلبەگ ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى- باغداتقا يۈرۈش قىلدى. (مەزكۇر نەسەبنامىدا توغرۇلبەگنى باغداتتا ئەمرۇل-مۆئمىنىن قايىم باھرۇللا «ئىزاھات (19) غا قاراڭ تەكلىپ بىلەن ئەكەلدۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان). باغدات ئەينى چاغدا ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى بولسىمۇ، يەنىلا پارسلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇۋەيھىلەر سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 932-يىلىدىن 1055-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈم سۈرەتتى.

بۇۋەيھىلەر سۇلالىسىنى شىئە مەزھىبىدىكى ئەبلى بىننى بۇۋەيھى قۇرغان. مىلادىنىڭ 932-يىلى قۇرۇلغان بۇ سۇلالىنىڭ تېررىتورىيىسىگە غەربىي ئىران ۋە ئىراق كىرەتتى. ئەبلى ئىبنى بۇۋەھىگە ئابباسىلار خەلىپىسى قاھىر «ئەمرۇل-ئۇمەرا» (پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى) ئۇنۋانىنى بەرگەن.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئابباسىلار خەلىپىسى قايىم

تۇغرۇلبەگنىڭ باغداتقا كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، باغداتتا قۇتبىدا تۇغرۇلبەگنىڭ نامىنى ئوقۇشنى ئەمىر قىلغان. بۇنىڭ بىلەن خەلىپە قايىم ھاكىمىيەتتىن ۋاز كېچىپ، دىنىي داھىي بولۇشقا مەجبۇر بولدى. سۇلتان تۇغرۇلبەگ باغداتقا كىرىش بىلەن بۇۋەھىيلەر سۇلالىسى يوق قىلىندى. ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكى قورچاق ھالغا چۈشۈپ قالدى.

(24) باغدات-ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى. ئەينى دەۋردە ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى بولغان.

(25) كوھىستان (قەھىستان)-تاغلىق يەر دېگەن مەنىدە، غەربتە دىشتى كەۋىر، جەنۇبتا دەشتى لوت، شەرقتە نا ئۇمىد ۋە شىمالدا كىچىك بىر چۆللۈك ئارقىلىق خوراساندا تۇتىشىدىغان، ئىراندا قاراشلىق تاغلىق رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك نامى.

(26) بىساسىر (ئارسلان بىساسىر)-خەلىپە قايىمنىڭ ھەربى يولباشچىلىرىدىن بىرى. ئۇ تۇغرۇلبەگ باغداتقا كىرگەندە قاماققا ئېلىنغان. چۈنكى ئۇ سۈنئىي مەزھىبكە قارشى ھەرىكەتنىڭ باشلىقى، يەنى مىسىردىكى پاتىمىلەر سۇلالىسى (بۇ سۇلالە مىلادىنىڭ 909-يىلىدىن 1171-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزھىبىدىكىلەرنىڭ شىمالى ئافرىقا <تۇنىس>دا قۇرغان دۆلىتى ئىدى. پاتىمە خەلىپىلىكىنى قۇرغانلار مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قىزى پاتىمىنىڭ (ئەلىنىڭ رەپىقىسى) ئەۋلادلىرى بولغاچقا، بۇ دۆلەتكە پاتىمە خەلىپىلىكى دەپ نام بېرىلگەن. پاتىمە خەلىپىلىكى مىلادىنىڭ 965-يىللىرى كۆچىيىپ سۈرىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن. مىلادىنىڭ 973-يىلى پاتىمە خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى تۇنىستىن مىسىردىكى قاھىرەگە كۆچۈرۈلگەن. مىلادىنىڭ 1171-يىلى سالاھىددىن ئەييۇبى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان)نىڭ تەرەپدارى ئىدى. تۇغرۇلبەگ باغداتتىن قايتقاندىن كېيىن (تۇغرۇلبەگ 1055-يىلىنىڭ

كۈز ئايلىرىدا باغداتتىن چىقىپ غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ مۇسۇل، دىيار بەكرى قاتارلىق رايونلارنى ئىشغال قىلغان) ئارسلان بىساسىر قاماقتىن قېچىپ چىقىپ، ئۆز ئەتراپىغا شىئەلەردىن كۈچ توپلىغان ھەمدە باغداتقا بېسىپ كىرىپ، خەلىپە قايىمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن.

(27) ئەبۇ نەسىر (مۇھەممەد ئىبنى ناسىر)-غەربىي ئىلىكخان ناسىرنىڭ ئوغلى. مىلادىنىڭ 1040-يىلىدىن 1052-يىلغىچە غەربىي قاراخانىلارغا خان بولغان. ئۇ 1037-يىلى ئۆز كەنتىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئۆزىنى «ئىلىكخان» دەپ ئاتىغان. مىلادىنىڭ 1040-يىللىرىغا كەلگەندە مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۆزىنى «تابغاج بۇغراخان» دەپ ئاتىغان.

(28) تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئارسلان بىساسىر خەلىپە قايىمغا قارشى ئىسياندا («ئىزاھات (27)» گە قاراڭ)، خەلىپە قايىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. خەلىپە قايىم باغدات يېنىدىكى بىر جايغا قامالغان. غالىپ كەلگەن بىساسىر قۇتبىدىن خەلىپە قايىم ۋە تۇغرۇلبەگنىڭ نامىنى چىقىرىپ تاشلاپ، شىئەلەرنىڭ تايانچى پاتىمىنىڭ نامىنى قۇتبىدا قايتىدىن ئوقۇغان. (قۇتبىي ئوقۇش-تەخت ۋارىسلىرىنى تەيىنلەشتە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، جامائەت سورۇنى بولغان مەسچىت-مەيداندا جامائەت ئالدىدا ئوقۇلىدىغان بىر خىل جاكار نامە). بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان تۇغرۇلبەگ باغداتقا كېلىپ (تۇغرۇلبەگنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئارسلان بىساسىر باغداتتىن قېچىپ كەتكەن)، ئالدى بىلەن خەلىپە قايىمنى قاماقتىن قۇتقۇلدۇرۇپ، ئاندىن مەملىكەتنىڭ ئىسياندىن بۇرۇنقى قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرگەن.

(29) تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، تۇغرۇلبەگ باغداتقا ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىدە، خەلىپە قايىمنىڭ قىزى (بۇ يەردە

سىڭلىسى دەپ بايان قىلىنغان؟) سىيد خاتۇنغا ئۆيلەنمەكچى بولغان. بىراق بۇ ئىشتىن خەلىپە قايىم ناھىيىتى ئەندىشە قىلىدۇ. چۈنكى خەلىپە: «ئەگەر سىيد خاتۇن توغرۇلبەگكە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل تۇغۇلۇپ قالسا، ئاباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى سەلجۇقلارغا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى.

بەزى مەنبەلەردە سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ ئۆيلىنىشى ھەمدە ۋاپاتى توغرىسىدا: سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ مىلادىنىڭ 1063-يىلى 68 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى، ئۇنىڭ تېھراندا دەپنە قىلىنغانلىقى؛ سۇلتان توغرۇلبەگ ۋاپات بولۇشتىن تۆت ئاي بۇرۇن خەلىپىنىڭ قىزى سىيد خاتۇنغا ئۆيلەنگەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولسا، بەزىلىرىدە: سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ باغداتتىن تېھرانغا كېتىۋاتقاندا يولدا ۋاپات بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئەمما مەزكۇر تەزكىرىدە: سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ خەلىپىنىڭ سىڭلىسى (مەزكۇر قولىيازمىدا سىڭلىسى دەپ يېزىلغان؟) سىيد خاتۇنغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن تەبرىز (قەدىمي شەھەر. ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدا) دىن رەي («ئىزاھات(13)» گە قاراڭ) گە كەلگەندە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئومۇمەن، سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ ۋاقتىدا سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە بۈگۈنكى ئىران، ئىراق، ئەزەربەيجان، ئەرمەنىستان، ئافغانىستان، تۈركمەنىستان، قارا قالپاقىستان، قىزىل قۇم چۆلى قاتارلىقلار كىرگەن بولۇپ، يەر مەيدانى ئۈچ مىليون ئالتە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى.

(30) مىلادىنىڭ 1060-يىلى سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ ئاكىسى چاغرىبەگ سىراكتا يەتمىش يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ مەرۋىگە دەپنە قىلىندى. چاغرىبەگنىڭ سەككىز ئوغلى، تۆت قىزى بار ئىدى. چاغرىبەگ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئالپ ئارسلان

(سۇلتان مەھمۇد ئالپ ئارسلان) خوراسانغا، قارا ئارسلان كاۋۇرتبەگ كىرمانغا، ياقۇتبەگ ئەزەربەيجانغا باش ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن.
(«ئىزاھات(23)» كە قاراڭ).

(31) نىزامۇل-مۇلك-سەلچۇقلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دۆلەت ئىشلىرى ئەربابى. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئالپ ئارسلان ۋە مەلىك شاھلارغا ئوتتۇز يىلغا يېقىن (مىلادى 1063-يىلدىن 1092-يىلغىچە) باش ۋەزىر بولغان. سەلچۇقلار سۇلالىسىنىڭ مەمۇرى باشقۇرۇشى كۆپ ھاللاردا بىزامۇل-مۇلكنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تەرتىپكە سېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ مەلىك شاھ دەۋرىدە، مەلىك شاھنىڭ سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسىنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىشىدا، ئىلىم-پەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىدا ناھىيىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ پارس تىلىدا «سىياسەتنامە» ناملىق ئۆلمەس بىر ئەسەر يازغان. شۇ چاغلاردا سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك، ئەڭ ئاۋات، ئەڭ باي ئەڭ مەدەنىيەتلىك بىر باسقۇچقا يەتكەندى. ھەتتا نىزامۇل-مۇلك نامى بىلەن باغدات، ئىسپاھان، نىشاپۇر، ھىرات، مەرۋى. بەلخ قاتارلىق شەھەرلەردە «نىزامىيە مەدرىسلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي مەكتەپلەر قۇرۇلغان.

(32) ئەزمايوس- شەرقى رۇما ئىمپېراتورى. سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسگە ئالپ ئارسلان ئىمپېراتور بولغان چاغدا (مىلادى 1063-يىلدىن 1072-يىلغىچە)، ھازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد دالىسىدا (1071-يىلى 26-ئاۋغۇست) شەرقى رۇما ئىمپېراتورى دىككىنىس (قولىيازمىدا <رۇم پادىشاھى ئەزمايوس> دەپ خاتىرىلەنگەن، شۇ بويىچە ئېلىندى؟) رۇما باشچىلىقىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك رۇما قوشۇنلىرىنى تار-مار كەلتۈرۈپ، ئىمپېراتور دىككىنىس رۇمانى تىرىك تۇتۇۋالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ

رۇما ئىمپېرىيىسى سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسىگە قارام دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان ھەمدە ھەر يىلى سەلچۇقلارغا نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن-كۈمۈش يوللاپ، ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

شۇ قېتىمقى «مالازگىرد ئۇرۇشى» تارىخىي خاتىرىلەردە ئازسانلىق جەڭگىۋار قوشۇننىڭ تالانتلىق قوماندانىنىڭ باشچىلىقىدا، تەكەببۇر قوماندان باشچىلىقىدىكى كۆپ سانلىق قوشۇن ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ جانلىق مىسالى سۈپىتىدىمۇ بايان قىلىندۇ.

(33) رۇم-1> ھازىرقى تۈركىيىنىڭ قەدىمكى نامى؛ 2> ئەسلىدە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 753-يىلى تەختكە چىققان رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى رۇمۇلۇس تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ۋە شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر شەھەر بولۇپ، كېيىنچە پۈتۈن رىم (رۇما) ئىمپېراتورلۇقىنىڭ دۆلەت نامى بولۇپ قالغانىدى. رۇما ئىمپېراتورلۇقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بەزىدە ئۇنىڭ غەربى تەرىپى، بەزىدە شەرقى تەرىپىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 389-يىلى فەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) ئۇنىڭ غەربى قىسمىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، «رۇم» سۆزى ئاساسەن ئۇنىڭ شەرقى، يەنى ئاسىيا قىسمىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. بۇ يەردە شەرقى رۇم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(34) ماۋەرائۇننەھر-ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ.

(35) يۈسۈف بۇرزەمى- غەربى قاراخانىلارنىڭ بېگى. تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئالپ ئارسلان مالازگىرد ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىككى يۈزمىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ (قولىيازمىدا ئىككى مىڭ دېيىلگەن) ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئامۇ دەرىيادىن ئۆتكەندە، دەريا بويىدا غەربى قاراخانىلارنىڭ بېگى يۈسۈف (يۈسۈف بۇرزەمى)نىڭ

قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئۇرۇشتا يۈسۈفبەگ مەغلۇب بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن. ئالپ ئارسلان ئەسىرگە چۈشكەن يۈسۈفبەگنى سوراق قىلىۋاتقاندا، يۈسۈفبەگ يېنىدا يوشۇرۇۋالغان پىچاقنى چىقىرىپ، ئالپ ئارسلاننىڭ قارنىنى يېرىۋەتكەن. ئالپ ئارسلان ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلگەن. جەسىتى مەرۋىگە دەپنە قىلىنغان.

(36) سۇلتان مەلىك شاھ -سۇلتان ئالپ ئارسلان («ئىزاھات (23)» كە قاراڭ)نىڭ ئوغلى. سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالپ ئارسلاندىن كېيىنكى سۇلتانى. ئۇ مىلادىنىڭ 1072-يىلى 17 يېشىدا سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سۈرىيە، پەلەستىن، شام شىرىپ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. شام شىرىپ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، پاتىمە خەلىپىلىكىنىڭ نامى قۇتبىدىن چىقىرىلىپ، قۇتبىدا ئاباسىلار خەلىپىسى بىلەن سۇلتان مەلىك شاھنىڭ نامى ئوقۇلىدىغان بولدى. مىلادىنىڭ 1078-يىلى شەرقى رۇما ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق كاۋكازىيىمۇ پۈتۈنلەي سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. سۇلتان مەلىك شاھ ئىمپېراتورلۇق تەختىدە ئولتۇرغان 20 يىل ئىچىدە (مىلادى 1072-يىلدىن 1092-يىلغىچە) سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسى ئەڭ سەلتەنەتلىك باسقۇچقا يەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ ئون بەش مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە ئىران، ئافغانىستان، شىمالى ھىندىستان، ماۋەرائۇننەھر، جەنۇبى كاۋكاز، داغىستان، ئانا دولۇ (كىچىك ئاسىيا)، ئىراق، سۈرىيە، پەلەستىن، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى قاتارلىقلار كىرگەن.

سۇلتان مەلىك شاھ مىلادىنىڭ 1055-يىلى تۇغۇلۇپ 1092-يىلى 37 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. جەسىتى ئىسپاھانغا دەپنە قىلىنغان.

(37) ئەنتاكىيە-قەدىمي شەھەر. ھازىرقى تۈركىيىنىڭ

شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان.

(38) شام-سۇرىيىدىكى قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ نامى (ھازىرقى دەمەشىق).

(39) ھەلەب(ھەلەپ)-سۇرىيىنىڭ غەربىي شىمالىدا دېڭىز بويىدىكى بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى.

(40) خارەزم-ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەت. ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ناھىيىتى مۇنبەت تېررىتورىيىگە جايلاشقان. خارەزم ئەسلى شىمالى خارەزم ۋە جەنۇبى جارەزمدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا بۆلۈنەتتى. ئۈرگەنچ-شىمالى خارەزمنىڭ؛ قىيات-جەنۇبى خارەزمنىڭ پايتەختى ئىدى. 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شىمالى خارەزمنىڭ خانى مۆمىن ئىبنى مۇھەممەد تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 11-ئەسىرگ كەلگەندە (11-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە) سەلجۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىدى. 13-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى چىڭگىزخان ئىستىلاسىغا ئۇچرىدى. 1388-يىلى تۆمۈرلەڭ بېسىۋالدى. كېيىن ئۆزبېك خانلىرىغا قارىدى. 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا پايتەختىنى خىۋىگە كۆچۈردى. 1873-يىلى چاررۇسسىيە ئۆزىگە قوشىۋالدى.

(41) مەرۋ (مەرۋى شاھ جاھان)-خوراساننىڭ ئەينى دەۋرىسكى ئەڭ مەشھۇر، مەدەنىيەتلىك، باي شەھەرلىرىدىن بىرى.

(42) تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇلتان مەلىك شاھ تەختكە چىقىش بىلەنلا، ھەربى قوشۇنغا مائاش تارقىتىش. تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇنداق مائاش ئۈچۈن ھەر يىلغا 700 مىڭ ئالتۇن دىنار كېتىدىكەن. شۇ چاغلاردا مەلىك شاھنىڭ لەشكىرى كۆچى زور دەرىجىدە ئاشقان بولۇپ، زۇرۇر تېپىلىپ قالسا، مىليون كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلالايدىغان ھالغا كەلگەن.

(43) ئەرەب- ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى، سۇرىيە،

ئىراق، مىسىر ۋە ئافرىقىدىكى «ئەرەب مەغرۇبى» قاتارلىق جايلارنىڭ ئومۇمى جوغراپىيىلىك نامى ۋە بۇ جايلاردا ياشىغۇچى ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئومۇمى ئېتىنىڭ نامى.

(44) قاۋەرد (قارا ئارسلان كاۋۇرتبەگ)-مەلىك شاھنىڭ تاغىسى. ئۇ مىلادىنىڭ 1041-يىلىدىن 1073-يىلىغىچە كىرمانغا باش ۋالىي بولغان. مەلىك شاھ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن، تەخت تارتىشىش مەقسىدىدە مەلىك شاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. ئەمما ئىسيانى سۇلتان مەلىك شاھ تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ، شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆلگەن.

(45) ئەھمەدخان-غەربى قاراخانىلارنىڭ خانى (1081-1095). مىلادىنىڭ 1089-يىلى سۇلتان مەلىك شاھ ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالغاندا، ئۇ شەھەرلەرگە سەلچۇق بەگلىرىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن. غەربى قاراخانىلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەندنى بېسىۋالغاندا ئەھمەد خاننى (ئەھمەدخانl) ئەسىر ئالغان ۋە ئۇنى سەلجۇقلارنىڭ پايتەختى ئىسپاھانغا ئەۋەتىۋەتكەن.

ئەھمەدخان مىلادىنىڭ 1090-يىلى ئىسپاھاندىن سەمەرقەندكە قايتىپ كېلىپ يەنە خانلىق تەختىدىن ئورۇن ئالغان چۈنكى مەلىك شاھ ئالدىدا ناھىيىتى يۇقىرى ھۆرمەت ۋە ئابرويغا ئىگە بولغان تۇركان خاتۇننىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن، سۇلتان مەلىك شاھ ئەھمەدخانغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنىڭ غەربى قاراخانىلارغا داۋاملىق ھۆكۈمران بولۇشىغا قوشۇلغان.

ئەھمەدخان مىلادىنىڭ 1090-يىلى ئىسپاھاندىن سەمەرقەندكە قايتىپ كېلىپ بەش يىلدىن كېيىن (مىلادىنىڭ 1095-يىلى)، مەھكىمە شەرئىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

(46) تۇركان خاتۇن- غەربى قاراخانىلارنىڭ خانى ئىبراھىم

بۆرە تېكىننىڭ قىزى. مىلادىنىڭ 1085-يىللىرى مەلىك شاھقا ياتلىق بولغان (سۇلتان مەلىك شاھ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ غەربىي قاراخانىي بېكە (مەلىكە)لىرىدىن تۇركان خاتۇنغا؛ شەمسۇل-مۇلكنىڭ تاغىسى شاھزادە ئەيسانىڭ قىزى ھىلالىيەگە ئۆيلەنگەن). سۇلتان مەلىك شاھنىڭ تەخت ۋارىسى بولغان مەھمۇد تۇركان خاتۇندىن تۇغۇلغان.

(47) تامغاچ خان (ئىبراھىم بۆرە تېكىن)-غەربىي قاراخانىلارنىڭ خانى (1052-1068). سۇلتان مەلىك شاھنىڭ خانىشى-تۇركان خاتۇننىڭ ئاتىسى.

(48) بەزى تارىخى مەنبەلەردە سۇلتان مەلىك شاھنىڭ غەربىي قاراخانىي بېكەلىرىدىن تۇركان خاتۇن ۋە ھىلالىيەگە ئۆيلەنگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.

(49) بەركىيارۇق (سۇلتان رۇكنىددىن بەركىيارۇق)-سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ئوغلى. ئۇ مىلادىنىڭ 1093-يىلىدىن 1104-يىلىغىچە سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان.

(50) مەھمۇد (سۇلتان مەھمۇد)-سۇلتان مەلىك شاھنىڭ تەخت ۋارىسى (غەربىي قاراخانىي بېكەسى تۇركان خاتۇندىن تۇغۇلغان). ئۇ ئەمدىلا بەش يېرىم ياشقا كىرگەندە تەختكە چىقىرىلىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن بەركىيارۇق، («ئىزاھات(50)» كە قاراڭ) تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلگەن.

(51) تاجىل-مۇلك-تۇركان خاتۇننىڭ ئاتىسى تامغاچ خاننىڭ (غەربىي قاراخانىلارنىڭ خانى ئىبراھىم بۆرە تېكىننىڭ) ۋەزىرى.

(52) مەھمىلىك خاتۇن- سۇلتان مەلىك شاھنىڭ قىزى. ئۇ ئابباسىلار خەلىپىسى مۇقتەدى (مىلادىنىڭ 1075-يىلىدىن 1094-يىلىغىچە خەلىپە بولغان)غا ياتلىق قىلىنغان.

(53) سۇلتان مەھمۇد (سۇلتان مەھمۇد تاپار)-سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ئوغلى. ئۇ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى مەلىك شاھ

شاھ 11 (بىر ئايلا سۇلتان بولغان)نى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا (مىلادىنىڭ 1105-يىلىدىن 1118-يىلىغىچە) تەختتە ئولتۇرغان.

(54) سۇلتان سەنجەر (سۇلتان مۇئىزىددىن سەنجەر)-سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ئوغلى. ئۇ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد تاپارنىڭ (سۇلتان مەھمۇد11)ئورنىغا مىلادىنىڭ 1118-يىلىدىن 1157-يىلىغىچە)-سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان.

(55) بەھرام شاھ (سۇلتان بەھرام شاھ)-مىلادى 1117-يىلىدىن 1152-يىلىغىچە غەزنەۋىلەرگە سۇلتان بولغان. ئەمەلىيەتتە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەھرام شاھ سۇلتانلىقىدىكى غەزنەۋىلەر سەلجۇقلارغا باج (ئولپان) تاپشۇرۇدىغان قارام ھالەتتە ئىدى.

(56) تارىخى ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، سۇلتان سەنجەر مىلادىنىڭ 1153-يىلىدىن 1157-يىلىغىچە ئوغۇزلار قولىدا ئەسىرلىكتە تۇرغان (بۇ يەردە، يەنى مەزكۇر نەسەبنامىدا ئىككى يىلغا يېقىن تۇرغانلىقى قەيد قىلىنىدۇ).

ئەسلىدە تارىم ۋادىسى ۋە يەتتە سۇ ئەتراپىدا ياشايدىغان ئوغۇزلار سۇلتان سەنجەرنىڭ رۇخستى بىلەن بەلخ ئەتراپىدا ماكانلاشقانىدى. بۇلار قىرىق مىڭ ئائىلە بولۇپ، ھەر يىلى سۇلتانغا باج ھېسابىدا يىگرمە بەش مىڭ تۇياق قوي بېرەتتى. مىلادىنىڭ 1153-يىلى باج ھېسابىدا تاپشۇرۇدىغان قويلار ئۈستىدە ماجىرا چىقىپ، ئوغۇزلار ئىسيان كۆتۈردى. بەلخنىڭ باش ۋالىيسى ئىسياننى باستۇرالمىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان سەنجەر ئۈمەرالارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، ئىسيانچى ئوغۇزلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ زور قوشۇن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، سۇلتان سەنجەر ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ 1157-يىلىغا كەلگەندە، ئۆۋ قىلىش پۇرسىتىدىن

پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسىرلىكتىن قېچىپ قۇتۇلدۇ ھەمدە مەرۋىگە كېلىپ، شەھەرنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى ۋە چۆلدەرەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالغا چىدىماي، خاپىچىلىقتا يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدۇ.

(57) سۇلتان مەھمۇد -غەربى قاراخانىيلارنىڭ خانى مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئوغلى. ئۇ سۇلتان سەنجەرنىڭ قىزى مەملىك شاھ خاتۇندىن تۇغۇلغان بولۇپ، سۇلتان سەنجەر ئوغۇزلار قولىدا ئەسىرلىكتە تۇرغان مەزگىلدە، سەلچۇقلار ئىمپېرىيىسىنى باشقۇرۇپ تۇرغان.

(58) پادىشاھ جەمشىد- «شاھنامە» دە بايان قىلىنغان، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى قەدىمكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى.

(59) رۇستەم- «شاھنامە» دە تەسۋىرلىنىشىچە، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى بىر قانچە يۈز يىل ياشىغان مەشھۇر قەھرىمان

**كورېكتور: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق.**



11

1.70 / ⊼

# 《塞　尔　柱　谱　系》

整 理 者：阿布里米提·艾合提

编　　辑：艾尔肯·依明尼亚孜·库土鲁克　　吐尔逊·穆罕默德

校　　对：艾尔肯·依明尼亚孜·库土鲁克

内部资料准印证第2117号

新疆维吾尔自治区少数民族古籍搜集整理出版
规划领导小组办公室

1994.8.15

1.70 元